# ئىزدىنىش

(تاللانما)

5

1998

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1998-يىل 5-سان

(ئومۇمىي 119-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1998-يىللىق 5-، 6-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى


## مۇندەرىجە


پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، خىزمەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى

................................ ۋېي جيەنشىڭ(2)

15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيە-تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەيلى ...................... دىڭ گۇەنگېن(23)

ئەڭ ياخشى خاتىرىلەش—دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈش ................................ لى جۇنرۇ(33)

رەھبىرىي كادىرلار ئاممىۋى خىزمەتنى چوقۇم ياخشى ئىشلىشى كېرەك ......... چېن ۋۇمىڭ(42)


★5-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، خىزمەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى•

**ۋېي جيەنشىڭ**

نۆۋەتتە، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئىشلەپ، جاپالىق كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 1998-يىللىق پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن 2-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن چاقىردى.

1998-يىللىق پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى مۇنداق: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، "ئومۇمىيەتنى ئىگىلەش، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، بىردەك ئىتتىپاق بولۇش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش" فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا قىلغان خىزمەت دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدا بەلگىلەپ بەرگەن يېتەكچى ئىدىيە، تۈپ پرىنسىپ، رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىدا چىڭ تۇرۇپ، يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىشتە، ھەر تەرەپتىن تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تونۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر بىلەن، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي بوشاشماي ئىلگىرى سۈرۈپ، تىرىشىپ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش.

• بۇ ماقالە يولداش ۋېي جيەنشىڭنىڭ 1998-يىل 1-ئاينىڭ 20-كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتى.

## 1. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھى بىلەن ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئۆتكەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم پەيتتە تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا ئېچىلغان بىر قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك يىغىن بولدى. يولداش جياڭ زېمىننىڭ قۇرۇلتايدا قىلغان دوكلاتىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، تارىخ ئۈستىدىن ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلىپ، كەلگۈسى ئىشلار ئۈچۈن پىلان تۈزۈلۈپ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇ پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى باشلاپ يېڭى ئەسىرگە قەدەم تاشلايدىغان سىياسىي خىتابنامىسى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسىدۇر. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، دوكلاتنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىنى ۋە ئاساسىي روھىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگىلىشى، دوكلاتنىڭ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيىسى ۋە مەزمۇنىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ، تۆۋەندىكى بىرقانچە مۇھىم تەلەپنى نۇقتىلىق ئىگىلىشى لازىم:

**(1) سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇش ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، خىزمەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يامراپ كېتىش يۈزلىنىشىنى توسۇشقا تىرىشىش لازىم.**

دۆلىتىمىز ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ ھەمدە كېيىنمۇ ئۇزاققىچە شۇ باسقۇچتا تۇرىدۇ، فېئودالىزم ۋە كاپىتالىزم چىرىك ئىدىيىلىرىنىڭ، ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئادەت كۈچلىرىنىڭ تەسىرى يەنىلا كەڭ دائىرىدە مەۋجۇت، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتۈش جەريانىدا نۇرغۇن مۇرەككەپ ئەھۋاللار كۆرۈلدى، تۈزۈلمە، قانۇن-تۈزۈم ۋە سىياسەتنىڭ مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك، بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلار يېڭى تارىخىي ئۆزگىرىشنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كۆپ تەرەپلىمىلىك تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چىرىكلىك ھادىسىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يامراپ كېتىشى ئۈچۈن

تولۇق شارائىت بار، بۇ هال چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىر مەيدان مۇرەككەپ، جاپالىق، ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بۇ—پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ هايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك كەسكىن سىياسىي كۈرەش. هەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە هەر دەرىجىلىك رەهبىرىي كادىرلار جەزمەن قەتئىي، روشەن پوزىتسىيە بىلەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۇبدان تۇتۇشى لازىم. ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى قوغداش ئومۇمىيىتىنى چىقىش قىلىپ، هەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن هالدا خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم. هەم ئىستراتېگىيە جەهەتتە ئومۇمىي پىلان بولۇش، ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەش، هەم ئېنىق بولغان باسقۇچلۇق نىشان بولۇش، خىزمەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، هەرقايسى باسقۇچتىكى ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق بۇندىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە پارتىيە-هۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كادىرلار قوشۇنى ئىچىدىكى چىرىكلىك هادىسىلىرىنىڭ يامراش يۈزلىنىشىنى توسۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

**(2) پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيىتى ئىچىگە قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى يېقىندىن چۆرىدىگەن هالدا ئېلىپ بېرىش لازىم.**

ئەسىر هالقىيدىغان يېڭى سەپەردە، پۈتۈن پارتىيە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي نۇقتىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈشى، ئىككى قولدا تۇتۇش، هەر ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېندا باشتىن-ئاياغ چىڭ تۇرۇشى لازىم. پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى جەزمەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ۋە بويسۇندۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەسىلىنى ئويلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىشتا، "ئۈچ پايدىلىق بولۇش"نى خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشنىڭ تۈپ ئۆلچىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، هەم كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئاكتىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، دادىل يېڭىلىق يارىتىشنى قەتئىي قوللاش ۋە قوغداش، هەم ئىسلاھات بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىسلاھاتقا، تەرەققىياتقا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلىشتەك قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشتىكىلەرنى كەسكىن جازالاش لازىم. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ زور تەدبىرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشىدا كۆرۈلۈش ئېهتىمالى بولغان يېڭى ئەهۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، تۈزگىنلەش تەدبىرلىرىنى بەلگىلەپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى ئىگەللەش لازىم.

**(3) پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتا چوشلۇق مۇهىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم.**

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەندە، پارتىيە ئىستىلى ۋە ھۆكۈمەت ئىستىلىنى توغرىلىغاندا، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرغاندا، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرغاندا، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؛ ھالبۇكى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەندە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇپ، پارتىيىنى مۇستەھكەم رەھبەرلىك يادروسى قىلىپ قۇرۇپ چىققاندا، مۇقەررەر ھالدا پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۈچۈن ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ. ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش، تەشكىلىي قۇرۇلۇش ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشى تەڭكەش تەرەققىي قىلىپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرگەندىلا، ئاندىن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىي جەھەتتىن كۈچەيتكىلى بولىدۇ. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش تەلىپى بويىچە، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتا چوشلۇق مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم، بۇنىڭغا پۈتۈن پارتىيە ئەھمىيەت بېرىشى، تەڭ تۇتۇپ بىرلىكتە مەسئۇل بولۇشى لازىم.

**(4) پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە چوقۇم يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىشتە، ھەر تەرەپتىن تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇش، ھەم ھازىر بولۇۋاتقان چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى تۈگىتىش، ھەم ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق چىرىكلىكنى مەنبەسىدىن توسۇش ۋە تىزگىنلەش كېرەك.**

پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا شۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇش لازىم، بۇنىڭدا تەربىيە—ئاساس، قانۇنچىلىق—كاپالەت، نازارەتچىلىك—ئاچقۇچ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، چىرىكلىك پەيدا بولىدىغان، يامرايدىغان تۇپراقنى ئۈزلۈكسىز يوقىتىش لازىم. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، ھەم ھازىر بار بولغان چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە قارىتا كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، بىرمۇبىر تىزگىنلەش، ھەم چىرىكلىك پەيدا بولۇشىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق سەۋەبلەرنى تەتقىق قىلىپ، چىرىكلىكنى مەنبەسىدىن توسۇش ۋە تىزگىنلەش لازىم. ئىقتىسادىي ۋاستە، مەمۇرىي ۋاستە ۋە تەربىيە، قانۇن، ئىنتىزام قاتارلىق ۋاستىلەردىن تەڭ پايدىلىنىش، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ۋە قاتنىشىشىغا چىڭ تايىنىش، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئارقىلىق تۈزۈلمە، تۈزۈم، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن نازارەتچىلىك قىلىش، چەكلەش مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، شۇ ئارقىلىق چىرىكلىك پەيدا بولىدىغان شارائىتلارنى ئازايتىش ۋە يوقىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

**(5) پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى رەھبىرىي ئورگانلار، رەھبىرىي كادىرلاردىن باشلاپ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، بولۇپمۇ ھەر**

**دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم.**

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرى، رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئالاھىدە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان. پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرى، بولۇپمۇ مەركىزىي كومىتېت ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە يۇقىرى ئۆلچەم قويۇش، قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئۈلگىلىك رولىنى ئوينىشتا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇشى لازىم. رەھبىرىي كادىرلار بولۇپمۇ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك-تىرىشچان بولۇش جەھەتتە باشلامچى بولۇشى، ئۆزى ئېھتىيات قىلىش، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ئۆزىنى ھوشيار تۇتۇش، ئۆزىنى تىرىشىشقا ئۈندەپ تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشى، نەمۇنىلىك بىلەن قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى، نازارەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرى پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە رەھبەرلەرنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق خىزمىتىدە ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. پارتىيىلىك كادىرلارغا، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇش، قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق نازارەت قىلىش، ئۇلارنى دىيانەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھالدا قانۇن بويىچە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان قىلىش لازىم. رەھبىرىي كادىرلار ئۆزلىرى پاك-تەلەپچان بولۇپلا قالماي، يەنە جۆرىسى، پەرزەنتلىرى ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىمۇ ئوبدان باشقۇرۇشى، ئۆزى باشقۇرغان رايون، تارماقتىكى پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدە مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىشى، ئاممىنى باشلاپ چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى لازىم.

## 2. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتتە يېڭى تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم

1998-يىلى، چىرىكلىككە قارشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئەستايىدىل تۇتۇش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

**(1) كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ ئىسراپخورلۇق قىلىشنى چەكلەش توغرىلىق سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشنى چىڭ تۇتۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.**

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، مەركەزنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، بىز ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇشى توغرىلىق بىرنەچچە بەلگىلىمە ۋە تۈزۈمنى تۈزۈپ چىقتۇق، مۇشۇ ئاساستا «جۇڭگو كومپارتىيىسى پارتىيىلىك كادىرلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇشى توغرىسىدىكى بىرنەچچە مىزان (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» بارلىققا كەلدى، ئۇ يولغا قويۇلۇپ مەلۇم دەرىجىدە ئۈنۈم بەردى. بۇ يىل يولداش جياڭ زېمىننىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا، نۆۋەتتىكى ھالدا «پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىقتىساد قىلىشنى قەتئىي يولغا قويۇش، كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ ئىسراپخورلۇق قىلىش قىلمىشلىرىنى چەكلەش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «پاكلىق مىزانى»نىڭ يەنىمۇ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياخشى پارتىيە ئىستىلى ۋە ھۆكۈمەت ئىستىلى ئارقىلىق جەمئىيەت ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، چىرىكلىككە قارشى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى نۆۋەتتىكى ھالدا كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ ئىسراپخورلۇق قىلىشنى چەكلەش ھەققىدىكى سەككىز ماددىلىق بەلگىلىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەت بىنالىرىنى يېڭىدىن سېلىش ۋە بېزەشنى قاتتىق كونترول قىلىشى، ھەر خىل يىغىن ۋە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى قاتتىق كونترول قىلىشى، ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ-ئىچىشنى، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىشنى قاتتىق چەكلىشى، ئومۇمنىڭ پۇلى بىلەن ئائىلىۋى تېلېفون ئورنىتىش ۋە يان تېلېفون سېتىۋېلىشنى قاتتىق كونترول قىلىشى، ھەر خىل تەكشۈرۈش، باھالاش، ئۆلچەمگە يېتىش پائالىيەتلىرىنى قاتتىق كونترول قىلىشى، كىچىك ماشىنا سەپلەش، ئالماشتۇرۇشنى بەلگىلىمە بويىچە قاتتىق باشقۇرۇشى، ئومۇمنىڭ پۇلى بىلەن چەت ئەلگە چىقىشنى قاتتىق باشقۇرۇشى لازىم. سەككىز ماددىلىق بەلگىلىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنى نۆۋەتتىكى ھالدا ياخشى تۇتۇپ، تۆۋەندىكىدەك تەلەپكە يېتىش لازىم: 1. ئالاقىلىشىش قوراللىرىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئومۇمنىڭ پۇلى بىلەن ئائىلىۋى تېلېفون ئورنىتىش ۋە يان تېلېفون ئېلىش توغرىسىدىكى تۈزۈمنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، تېلېفون ھەققى جەھەتتە شەخسلەرگە چەك قويۇش، چەكتىن ئېشىپ كەتكىنىنى ئۆزى كۆتۈرۈش ھەققىدىكى بەلگىلىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم. 2. پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ چاقىرغان ھەر تۈرلۈك يىغىنلىرىدا سوۋغات ۋە خاتىرە بۇيۇمى تەقدىم قىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق ھەققىدىكى بەلگىلىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم. دوستانە ئالاقە ئورنىتىش يىغىنى، باھالاش يىغىنى، مۇھاكىمە يىغىنى، تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى قاتارلىقلارنى قاتتىق كونترول قىلىش، تەستىقلانغاندىن كېيىن ئېچىلغان بۇ خىل يىغىنلارغا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئادەتتە قاتناشماسلىق، ئاخبارات ئورۇنلىرىمۇ ئادەتتە خەۋەر قىلماسلىق لازىم. ھەر تۈرلۈك يىغىنلار ۋە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىگە كېتىدىغان خىراجەتنى كارخانىلارغا، كەسپىي ئورۇنلارغا چېچىشقا بىردەك يول قويۇلمايدۇ. 3. دۆلەت ئىشى پائالىيەتلىرىدىكى كۈتۈۋېلىش ئۆلچىمىنى ھەققىي ئىجرا قىلىش،

كۆتۈۋېلىش راسخودىنى بوغالتىرلىقتا ئايرىم تۈرگە كىرگۈزۈش، كۆتۈۋېلىش راسخودىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ھېسابات قىلىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم. ساختىلىق قىلغانلىقى بايقالسا، مۇناسىۋەتلىك رەھبىري كادىر ۋە بوغالتىر خادىملارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش لازىم. پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەر سىرتقا كوماندىروپكىغا چىققاندا، كۆتۈۋالغۇچى ئورۇننىڭ ئىچكى مېھمانخانىسىغا چۈشۈشى ۋە شۇ يەردە تاماق يېيىشى لازىم، ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىدا يېتىشقا بولمايدۇ؛ يېزا-بازار ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا كوماندىروپكىغا چىققاندا، يېزا-بازار ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ ئاشخانىسى بار بولسا، بىردەك شۇ ئاشخانىدا تاماقلىنىشى لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىري ئورگان تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ، رەھبىري ئورگان خادىملىرىنى مېھمان قىلىشقا ۋە ئۇلارغا سوۋغا، سالام ئاپىرىشقا بولمايدۇ، ھەر خىل ئۆگىنىش، تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىدە ئۆزئارا مېھمان قىلىشقا بولمايدۇ. ئومۇمنىڭ پۇلى بىلەن چىقىم قىلىنىدىغان تىجارەت خاراكتېرلىك سورۇنلاردىكى ھەر خىل يۇقىرى باھالىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرى كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ ئىسراپخورلۇق قىلىش قىلمىشلىرىنى چەكلەش توغرىسىدىكى ھەر خىل بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا قارىتا نازارەت، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى لازىم، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا جەزمەن «پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىقتىساد قىلىشنى قەتئىي يولغا قويۇش، كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ ئىسراپخورلۇق قىلىش قىلمىشلىرىنى چەكلەش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە»گە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا قارىتا پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈش ئۇسۇلى»غا بىنائەن قەتئىي چارە كۆرۈش لازىم.

پارتىيىنىڭ رەھبىري كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇشى ھەققىدىكى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنلىرىغا قارىتا يېتەكلەش، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. «پاكلىق مىزانى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، بولۇپمۇ كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ ئىسراپخورلۇق قىلىش قىلمىشلىرىنى چەكلەش ھەققىدىكى سەككىز ماددىلىق بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى رەھبىري كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇشى ھەققىدىكى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇنى قىلىش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشنى نىشان قىلىپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تۈزىتىش كېرەك. مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ئېچىشتىن بۇرۇن، ئورگان پارتىيە تەشكىلى كادىرلارنى باشقۇرۇش تارمىقى بىلەن بىرلىكتە، پاكلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتىنى ئاڭلاش، نۆۋەت ئارىلىقىدىكى تەكشۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەردە ئاممىدىن كەلگەن پىكىر ۋە ئىنكاسلارنى، شۇنداقلا ئاممىدىن كەلگەن خەت-چەكلەردىن ئىگەللىگەن مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى مۇناسىۋەتلىك رەھبىري كادىرلارغا يەتكۈزۈشى، ھەمدە ئۇلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا چۈشەندۈرۈشكە ۋە تەكشۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگانلاردىكى رەھبىري كادىرلار نۇقتىلىق ھالدا تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى لازىم. رەھبىري كادىرلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشى ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈشى، ئۆزىدىكى مەسىلىنى ئۆزى تۈزىتىشىنى ئوبدان

تۇتۇش ھەمدە ئۇنى رەھبەرلەرنىڭ ئۆزئارا تەنقىد قىلىشى، تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈشى، ئاممىنىڭ باھالىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم.

**(2) كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۈركۈم چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەرنى ئېنىقلاپ، چېرىكلەشكەنلەرنى قاتتىق جازالاش لازىم.**

پارتىيە 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ پارتىيە ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، پارتىيە ئىچىدە چىرىكلەشكەنلەرگە ھەرگىز پاناھلىق بەرمەسلىك توغرىسىدىكى روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىنتىزامنى، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ ئەنزە بېجىرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرىدىكى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلاردىكى، ئەدلىيە ئورگانلىرىدىكى، ئىقتىساد باشقۇرغۇچى تارماقلاردىكى ۋە ناھىيە (بۆلۈم) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەنزە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇش لازىم، بولۇپمۇ تەسىرى چوڭ بولغان بىر قىسىم چوڭ ئەنزىلەرنى ئېنىقلاپ چىقىش لازىم.

ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە مەمۇرىي قانۇن يۈرگۈزگۈچى ئورگانلاردىكى خادىملارنىڭ پارا ئېلىپ قانۇنسىزلىق قىلغان ئەنزىلىرىنى، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدا قانۇنغا، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان ئەنزىلەرنى، تەشكىلىي ئىنتىزامغا، كادىرلار ئىشلىرى ئىنتىزامىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان ئەنزىلەرنى، شۇنداقلا سىياسىي ئىنتىزامغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان ئەنزىلەرنى ئۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. كارخانا رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، خىزمەتكە ئېتىبارسىز قاراش سەۋەبى بىلەن دۆلەت مۈلكىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەنزىلىرىنى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئەنزىلىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ئاز سانلىق كادىرلارنىڭ خىزمەتنى ئاددىي، قوپال قىلىدىغان، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلىرىنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك.

مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك) ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بىر قىسىم چوڭ ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارغا چېتىلىدىغان چوڭ ئەنزىلەرنى قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇش، كەسكىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ئىنتىزامنى، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، چىرىكلەشكەنلەرنى قاتتىق جازالاش لازىم. ئىنتىزامنى، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق ئەھۋاللىرىنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم.

ئادەتتىكىچە خاتالاشقان كادىرلارغا تەنقىدىي تەربىيە بېرىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، خاتالىقنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىش لازىم. خاتالىقى بىرقەدەر ئېغىر بولغان كادىرلاردىن دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن تەشكىلگە خاتالىقنى ئۆزلۈكىدىن تاپشۇرغان ھەمدە ئەستايىدىل تۈزەتكەنلىرىگە قارىتا يېنىكلىتىپ چارە كۆرۈشكە ياكى چارە

كۆرمەسلىككە بولىدۇ؛ ئۆزىنى تەكشۈرمىگەن، تۈزەتمىگەن، تەنقىدىي تەربىيە بەرگەندىن كېيىنمۇ تۈزەتمىگەنلىرىگە جەزمەن ئىنتىزام جازاسى بېرىش لازىم.

ئەنزە بېجىرىشتا نەزەرنى كېڭەيتىپ، خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاش لازىم. ئاممىنىڭ پاش قىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇھىم ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئەنزە ئوڭاي يۈز بېرىدىغان، كۆپ يۈز بېرىدىغان ساھە ۋە ھالقىلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن چۆكۈپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئۈستىدىن تەپتىشلىك قىلىش، مۇپەتتىشلىك نازارەتچىلىك قىلىش، مەخسۇس تۈر بويىچە ئېنىقلاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئەنزىنىڭ يىپ ئۇچىنى بايقاش لازىم. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەردە، ئەنزىگە چېتىلىدىغان ئوبيېكتنىڭ پارتىيە ئىنتىزامىغا، مەمۇرىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ئاساسلىق پاكىتلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرسە بولىدۇ، شۇنداقلا چۆچۈتۈش كۈچى ۋە تەربىيە ئەھمىيىتى بولغان ئەنزىلەرنى تاللاپ ئاشكارا ئېلان قىلىش لازىم، قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كەلگەنلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈش لازىم. تىپىك ئەنزىلەرنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، ئەنزە يۈز بېرىش ئالاھىدىلىكىنى ۋە قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، كادىرلارنى تەربىيىلەش، نازارەتچىلىك قىلىش، باشقۇرۇش، سىياسەت ۋە تۈزۈم جەھەتلەردىكى يوچۇقنى تولدۇرۇش، ئەنزىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئالدىنى ئېلىش، تەربىيىلەش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئىسلاھات جەريانىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان-قىلمىغانلىق چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ، پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈشى ۋە مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىشىنىڭ جازا ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى ۋە قوغداش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جارى قىلدۇرۇش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئەنزە بېجىرىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، مۇپەتتىش مەھكىمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپقان چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى ئۆز ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى، ئەنزە بېجىرىشتىكى توسقۇنلۇقلارنى چىقىرىپ تاشلىشى، ئەنزە بېجىرىشتىكى خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلىشى، ئەنزە بېجىرىش راسخودىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، دەرىجىگە ئايرىپ ئەنزە بېجىرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەنزە بېجىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، ئەنزە بېجىرىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىش لازىم. ئىنتىزامنى، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئەنزە بېجىرىشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىش تەقسىماتى بىلەن ھەمكارلىقنى ياخشىلاپ، ئەنزە بېجىرىشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئەنزە بېجىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

**(3) ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان كۆرۈنەرلىك مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، تارماق ۋە كەسىپتىكى ناچار ئىستىللارنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم.**

ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىدە تۈزىتىش بىلەن بەرپا قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇن مەسئۇل بولۇش پرىنسىپىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش، كەسىپنى مەمۇرىي باشقۇرغۇچى ئورۇنلار مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئىستىل تۈزىتىشتە مەخسۇس تۈر بويىچە تىزگىنلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ۋە خامچوتتىن سىرتقى مەبلەغنى رەتلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇشتىن ئىبارەت.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ھەققىدىكى بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دېھقانلارنىڭ يۈككە نىسبەتەن خامچوت-نەقچوت تۈزۈ-مى، نازارەت كارتوچكىسى تۈزۈمى ۋە مەخسۇس تۈر بويىچە تەپتىش قىلىش تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈمنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش، قالايمىقان مەبلەغ توپلاش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش ۋە دېھقانلارغا ھەر خىل يوللار بىلەن پۇل چېچىشنى قاتتىق چەكلەش، دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ پىرسەنت ئايرىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش خىراجەتلىرىنى ۋە ھەر تۈرلۈك قىستۇرما خىراجەتلەرنى ۋەكالىتەن تۇتۇپ قېلىش، ۋەكالىتەن تاپشۇرۇشنى ھەقىقىي تۈزىتىش لازىم. مەركەزنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپ كېلىدىغان پۇل يىغىش تۈرلىرىنى يۇرگۈزۈشكە بولمايدۇ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئېغىر ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «كارخانىلاردىن قالايمىقان پۇل يىغىش، كارخانىلارغا قالايمىقان جەرىمانە قويۇش ۋە كارخانىلارغا ھەر خىل شەكىللەر بىلەن پۇل چېچىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تىزگىنلەش ھەققىدىكى قارارى»نى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 1997-يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەستىقلىغان تۈرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، نۆۋەتتىكى ھالدا كارخانىلارغا چېتىلغان نامۇۋاپىق پۇل يىغىش تۈرلىرىنى رەتلەش، باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىش ۋە بىرلەشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك مەمۇرىي ئىشلار خاراكتېرىدىكى پۇل يىغىش، جەرىمانە قويۇش، مەبلەغ توپلاش ۋە فوند بەرپا قىلىش تۈرلىرىنى باشقىدىن قاتتىق تەكشۈرۈپ تەستىقلاش كېرەك. كارخانىلاردىن قالايمىقان پۇل يىغىش، كارخانىلارغا قالايمىقان جەرىمانە قويۇش ۋە كارخانىلارغا ھەر خىل شەكىللەر بىلەن پۇل چېچىشنى رەتلەش مەزگىلىدە، كارخانىلاردىن پۇل يىغىدىغان يېڭى تۈرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا بىردەك يول قويۇلمايدۇ. كارخانىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىشقا، باھالاشقا ۋە گېزىت-ژۇرنال سېتىۋېلىشقا قىستاش قاتارلىق مەسىلىلەرنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم. پۇل يىغىش رۇخسەتنامىسى تۈزۈمى ۋە كارخانىدىن يىغىلغان پۇلنى تىزىملاش كارتوچكىسى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم.

خامچوتتىن سىرتقى مەبلەغنى رەتلەش خىزمىتىدە دائىملىق نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش لازىم. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار بەلگىلىمە بويىچە،

مەمۇرىي ئىشلار ئۈچۈن يىغىلغان پۇلنى ۋە جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىش يوللىرى بىلەن كىرگەن كىرىمنى تولۇق سانى بىلەن مالىيە خامچوتىغا ۋە مالىيە خاس ھېساباتىغا ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇشى شەرت، ئۆز ئالدىغا ”كىچىك خەزىنە“ قۇرۇش، خالىغانچە چىقىم قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارنى قەتئىي بىر تەرەپ قىلىش لازىم. شارائىتى بار جايلاردا خامچوتتىن سىرتقى مەبلەغنى بىر تۇتاش يىغىش، باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ.

كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ تاشيولدىكى ”ئۈچ قالايمىقان“نى رەتلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىلىد-رىنى مۇستەھكەملەپ، ”ئۈچ قالايمىقان“نىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى قالايمىقان پۇل يىغىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش لازىم. يۇقىرىقى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى تارماقلار يەنە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلىشى لازىم. قانۇننى ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلغۇچى تارماقلار ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت كەسپلىرى ئۆزىگە قاراشلىق بولغان ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا كەسىپ ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا يېڭى تەلەپلەرنى قويۇشى لازىم، ئىجتىمائىي مۇلازىمەتتە ۋەدە بېرىش تۈزۈمىنى نۇقتىلاردا سىناق قىلىش ۋە يولغا قويۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، مەدەنىي كەسىپ بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

دېموكراتىك باھالاش—ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىشنىڭ، كەڭ ئاممىنى كەسىپ ئىستى-لى، كەسىپ باشقۇرۇش ئۈستىدىن دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈملىك ئۇسۇلى. بۇ يىل كەسىپ ئىستىلىنى دېموكراتىك باھالاش تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم. ھەرقايسى جايلار ۋە ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ مەمۇرىي باشقۇرغۇچى تارماقلىرى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، كونكرېت يۈرگۈزۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇ تۈزۈمنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىجرا قىلىنىشىغا، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

1998-يىل ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن ھالقىلىق بىر يىل، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق جەھەتلەر-دىكى ۋەزىپىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سىياسىي ئىنتىزامنى چىڭىتىش ئىنتايىن مۇھىم. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىللىرى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار سىياسىي ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشى، پارتىيە نىزامنامىسىنى قوغدىشى، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغدىشى، ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە مەركەز بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر تۈرلۈك تەدبىرلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا، مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك پۇل مۇئامىلە خىزمەت يىغىنىدا ئورۇنلاش-تۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئىسلاھاتى ۋە يەرلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىشى قاتارلىق خىزمەتلەر-نىڭ ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى شەرت. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە ئائىت ھەر خىل بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، شەخسنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشى ۋە ھەركىمنىڭ ئۆز

بىلگىنىچە ئىش تۇتۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەرلىكنىڭ ۋە تارماقلارنىڭ قورۇقچىلىقىغا، قىل دېگەننى قىلماسلىق، قىلما دېگەننى قىلىش، ساختىلىق قىلىش، يالغان مەلۇم قىلىپ كۆپتۈرۈۋېتىش قاتارلىق قىلمىش-لارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشنى ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتكەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش لازىم.

## 3. يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، چىرىكلىكنى مەنبەسىدىن توسۇش ۋە تىزگىن-لەش كېرەك

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا، يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىشتە، ھەر تەرەپتىن تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك، ھەم يۈزەكى ھەل قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىنتىزمغا، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، چىرىكلەشكەنلەرنى قاتتىق جازالاش، ھەم تۈپتىن ھەل قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، چىرىكلىكنى مەنبەسىدىن توسۇش ۋە تىزگىنلەش، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يامراپ كېتىش يۈزلىنىشىنى تىرىشىپ توسۇش كېرەك.

**(1) پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى ۋە پارتىيە ئىنتىزامى جەھەتتىكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ چىرىتىشنى توسۇش، ئازىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك.**

يېڭى تارىخىي شارائىتتا، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار چىرىتىش بىلەن چىرىتىشكە قارشى تۇرۇشنىڭ قاتتىق سىنىقىغا دۇچ كەلمەكتە. ئىدىيۋى-سىياسىي تەربىيىنى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسلىق خىزمەت سۈپىتىدە ھەقىقىي چىڭ، ئوبدان تۇتۇش، كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارغا، بولۇپمۇ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارغا دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقادنى چىڭىتىپ، كوممۇنىستىك ئەخلاقنى ئۆز ھەرىكىتىدە كۆرسىتىپ، ھوقۇق، پۇل ۋە ساھىبجامالنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس خىسلەتنى مەڭگۈ ساقلاش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك.

كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە داۋاملىق ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىم. پۈتۈن پارتىيە بويىچە پارتىيىنىڭ ئىچكى قائىدە-نىزا-

مى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزامى توغرىسىدىكى تەربىيىنى تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا ئومۇملاشتۇرۇش، «پاكلىق مىزانى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنتىزام چارىسى كۆرۈش نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدۇ)»، «پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىقتىساد قىلىشنى قەتئىي يولغا قويۇش، كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ ئىسراپخورلۇق قىلىش قىلمىشلىرىنى چەكلەش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە» قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش، ئۆگىنىش كېرەك، تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنى پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشنىڭ ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە جىددىيلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، پاك-تەلەپچان بولۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىك ھادىسىلىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىدىغان قىلىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدە، كادىر باشقۇرۇش مەكتەپلىرىدە پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى ۋە پاكلىق تەربىيىسىنى ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرس قىلىش لازىم. كادىرلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى دائىملىق باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تىپىك ئىشلاردىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەھەتلەردىكى ئىلغار ئىش-ئىزلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ تىپىك ئەنزىلەرنى تەھلىل قىلىپ، كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارغا توغرا كەيپىياتنى جارى قىلىش، ناچار كەيپىياتقا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك. پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلى، دۆلەت ئاگېنتلىقى ۋە رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تەشۋىق قىلىشتىكى يېتەكچى رولىنى تولۇق جارى قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان جامائەت پىكرى مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

**(2) قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.**

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي تەدبىرنىڭ تەلىپى بويىچە، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى، خەلق دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشنى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇشنى قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن، تۈزۈم جەھەتتىن پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ قانۇنچىلىق يولى بويىلاپ ساغلام، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

پارتىيە ئىستىلىغا ۋە پاكلىققا دائىر قانۇن-نىزام ۋە تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ئوبدان تۇتۇش كېرەك. «پاكلىق مىزانى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنتىزام چارىسى كۆرۈش نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدۇ)»، «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى مەلۇم قىلىشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» قاتارلىق قانۇن-نىزام ۋە تۈزۈملەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. تۈرلۈك

قانۇن-نىزام ۋە تۈزۈملەرنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولغان باشقۇرغۇچى ئورگانلار مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلمايدىغان، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان ئەھۋاللارنى قەتئىي تۈزىتىشى كېرەك.

پارتىيە ئىستىلىغا ۋە پاكلىققا ئائىت قانۇن-نىزام ۋە تۈزۈملەرنى تۈزۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. نۆۋەتتە سىناق قىلىش خىزمىتى ئاساسىدا «پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»نى تۈزۈش ۋە ئېلان قىلىش، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي تەپتىش قانۇنى»نىڭ قوشۇمچە بەلگىلىمىسىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش لازىم. كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ ئىسراپچىلىق قىلىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى سەككىز ماددىلىق بەلگىلىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئەمەلدە ئاقىدىغان يولغا قويۇش چارىسىنى بېكىتىش كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ئەمەلىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ، كەسپىي باشقۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، چىرىكلىك ئوڭايلا يۈز بېرىدىغان ئاجىز ھالقىلارنى كۆزدە تۇتۇپ، چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ۋە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

**(3) نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ھوقۇقنى چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.**

نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ھالقىسى. ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزىدىغان چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك، قانۇنىي نازارەتچىلىك ۋە ئاممىۋى نازارەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈپ، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، چىرىكلىكنى ئۈنۈملۈك توسۇش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئېچىپ تاشلاش كېرەك.

پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، ئالدى بىلەن پارتكومنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نازارەتچىلىكنى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بەش تۈرلۈك تۈزۈمنى ۋە ئۇنى يۈرگۈزۈش چارىلىرىنى نۇقتىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشقا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنىڭ رەھبىرىي كادىرلار ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. «پارتىيە نىزامنامىسى»نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتكوم ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ھەرىكەتلىرىنى بايقىغان ۋاقىتتا، دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا بولىدۇ، ئەگەردە ئەنزە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتكومغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك، دائىمىي ئەزالىرىغا چېتىلىدىغان بولسا، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتكومغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ۋە پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تارماقلىرى ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، مۇناسىپ قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈ-

روپ، جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرىي كادىرلىرىنى ئۈستۈرۈپ ئىشقا قويۇشتا ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن پىكىر ئېلىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشى، تۈزۈملەشتۈرۈشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ھوقۇق ئىشلىتىشىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. نازارەتچىلىك قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالى؛ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، كوللېكتىپ رەھبەرلىك بىلەن شەخسلەرنىڭ ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشىنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى؛ چوڭ-چوڭ تەدبىرلەرنى بەلگىلەش، مۇھىم كادىرلارنى ئىشقا قويۇش ۋە ئىشتىن ئېلىۋېتىش، مۇھىم تۈرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە زور مىقداردىكى مەبلەغنى ئىشلىتىش ئىشلىرىدا كوللېكتىپ مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈش، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا بويسۇنۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن قارار چىقىرىش ئەھۋالى. دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مۇھاكىمە قىلىش قائىدىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. رەھبەرىي كادىرلارنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئەھۋالىغا ۋە تەدبىرنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش كېرەك. ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، ھوقۇق-پۇل سودىسى قىلىش ئىشلىرى ئوڭايلا يۈز بېرىدىغان ئىش ھالقىلىرىدىكى ھوقۇقنى پارچىلاش ۋە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، نازارەت قىلىپ كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش، ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزىدىغان چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك. رەھبەرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار نازارەتنى قوبۇل قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي تەپتىش قانۇنى» نى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ، دۆلەت خادىملىرىنىڭ قانۇنغا، قائىدە-نىزامغا، ھۆكۈمەتنىڭ قارار، بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش ئەھۋاللىرىنى نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ توسالغۇسىز يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قانۇننى ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، پاكلىق ۋە ئىش ئۈنۈمى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىق ۋە خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك-تىرىشچان بولۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى رەھبەرىي كادىرلار ئۈستىدىن قىلىنىدىغان دېموكراتىك نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم بىر تۈزۈم. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېزىلىرىدا كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش، دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش، نۇقتىلىق ھالدا مالىيىنى باشقۇرۇش، ئۆي

---

سېلىشقا كېرەكلىك يەرنى تارقىتىش، يېزا-كەنتلەرنىڭ پىرسەنت ئايرىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش خىراجەتلىرىنى يىغىش، پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچىنى تەقسىملەش، كوللېكتىپ ئىگىلىك تۈرلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش قاتارلىق كەنت ئاھالىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە بىۋاستە چېتىلىدىغان ئىشلارنى ئاشكارا تۇتۇشنى يولغا قويۇش لازىم. كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇشنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، تەرتىپى، ئۆلچىمى، ۋاقتى ھەمدە دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىش شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ باشقۇرۇش رولىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە بىۋاستە چېتىلىدىغان تارماقلاردا ئاشكارا ئىش بېجىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىگە ياتىدىغان ئىشلاردىن باشقا ئىشلاردا، ئومۇمەن ئىش بېجىرىش مەزمۇنى، ئىش بېجىرىش ئاساسى، ئىش بېجىرىش تەرتىپى، بېجىرىلگەن ئىشنىڭ نەتىجىسى ۋە ئىش بېجىرىش ئىنتىزامى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى جامائەتكە ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ خەۋەردار بولۇشىغا ۋە نازارەت قىلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش كېرەك. ئاشكارا ئىش بېجىرىش تۈزۈمى بىلەن دېموكراتىك ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش تۈزۈمىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

دۆلەت كارخانىلىرىدا، كوللېكتىپ كارخانىلىرىدا، شۇنىڭدەك ئومۇمنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئاساسىي شەكىل قىلىنغان دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى ئۈستىدىن يىلىغا بىر قېتىم دېموكراتىك باھالاش، دېموكراتىك سىناش ئىشىنى ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش كېرەك. كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئۆي تەقسىملەش، مۇكاپات تارقىتىش قاتارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ئىشلارنى، شۇنىڭدەك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇش جەھەتتىكى ئالاقىدار ئەھۋاللىرىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا ياكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا مەلۇم قىلىپ، نازارەتنى قوبۇل قىلىش لازىم. كارخانىلارنىڭ كەسپىي كۆتۈش راسخودىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا دوكلات قىلىپ تۇرۇش تۈزۈمىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش كېرەك.

دۆلەت كارخانىلىرىدىكى، ناھىيىگە (شەھەرگە) بىۋاستە قاراشلىق تارماقلار ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى، يېزىلىق (بازارلىق) پارتكوم، ھۆكۈمەتلەردىكى ئاساسىي رەھبىرىي كادىرلار ۋەزىپىدىن ئايرىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، مۇپەتتىشلىكتىن ئۆتمىگەنلەرنىڭ ۋەزىپىدىن ئايرىلىشىغا يول قويماسلىق لازىم. شارائىتى بار جايلار مۇشۇ تۈزۈمنى يولغا قويۇش دائىرىسىنى كېڭەيتسە بولىدۇ.

**(4) ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چىرىكلىك پەيدا بولىدىغان شارائىتنى ئازايتىش ۋە تۈگىتىش كېرەك.**

ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە دۈچ كېلىۋاتقان يېڭى ئەھۋاللارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئىشنى تۈزۈلمە، قانۇنچىلىق، سىياسەت ۋە باشقۇرۇش جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن باشلاپ، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولغان ئامىللارنى تىرىشىپ تۈگىتىشى لازىم. 1998-يىلى نۇقتىلىق ھالدا تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتە ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى يەنىمۇ رەتلەپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى قانۇنچىلىق ۋە نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى ۋە قانۇنغا، قائىدە-تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالاش لازىم. ھەرقانداق تارماق ۋە ئورۇننىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى قانۇنسىز تەسىس قىلىشى ۋە پۇل مۇئامىلە كەسپى بىلەن قانۇنسىز شۇغۇللىنىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇنىي بوغالتىرلىق دەپتىرىدىن باشقا بوغالتىرلىق دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، ھېساباتتىن چەتلەپ ئىگىلىك باشقۇرۇشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلسا، بىۋاستە مەسئۇل بولغان ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملارغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكار خادىملارغا قارىتا بىردەك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، جىنايى ئىشلار قانۇنىنى بۇزغانلار بولسا، قانۇن بويىچە جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئورۇننىڭ مەبلىغىنى شەخسىي نام بىلەن ئىسچوت ئېچىپ ئامانەت قويۇشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

بارلىق پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزى قۇرغان ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈش بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىشى، مەمۇرىي ئىشلار ئۈچۈن يىغىلغان پۇل، جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىش يولى بىلەن كىرگەن كىرىمگە قارىتا "كىرىم بىلەن چىقىمنى ئايرىۋېتىش" توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلار بۇ ئىككى تۈرلۈك بەلگىلىمىنى تېخىمۇ قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئۆزى قۇرغان ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە بىلەن بولغان نام، فونكسىيە جەھەتلەردىكى، بولۇپمۇ مالىيە جەھەتتىكى ئالاقىنى ئۈزۈل-كېسىل ئۈزۈشى، بەلگىلىمىگە ئاساسەن مەمۇرىي ئىشلار ئۈچۈن يىغىلغان پۇل ۋە جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىش يولى بىلەن كىرگەن كىرىمنى بىردەك مالىيىگە تاپشۇرۇشى كېرەك. جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلارغا كېرەكلىك بولغان تۈرلۈك راسخوتلار مالىيە تارماقلىرىنىڭ يۇقىرىقى تارماقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سانىنى بېكىتىشى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ.

بوغالتىر خادىملارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى توسۇش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرى ۋە دۆلەت پاي چېكىنى كونترول قىلغان كارخانىلاردا بوغالتىر ئەۋەتىش تۈزۈمىنى

ۋاقىتلاردا سىناق قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەك. شارائىتى بار جايلار ۋە تارماقلارمۇ بوغالتىر ئەۋەتىش تۈزۈمىنى سىناق قىلىپ يولغا قويسا بولىدۇ. بوغالتىرلىق ئىشلىرى ئورنى قاتارلىق ۋاستىچى ئاپپاراتلارنىڭ نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مالىيە تارماقلىرى بوغالتىرلىق خىزمىتىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، تىزىمغا ئالدۇرۇلغان بوغالتىرلار ۋە بوغالتىرلىق ئىشلىرى ئورۇنلىرىنىڭ كەسپىي خىزمەت سۈپىتىگە بولغان نازارىتىنى كۈچەيتىشى لازىم. ساختا ھېساب ياسىغان، سانىنى يالغان مەلۇمات قىلغان، يالغان تالون كەسكەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قانۇنغا، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان بوغالتىرلارنىڭ كەسپىي ئېخنىكا خادىملىق سالاھىيىتىنى بىردەك ئېلىپ تاشلاش، ھەمدە قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈش لازىم. بوغالتىرلارنىڭ بوغالتىرلىققا ئائىت سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆيدۇرۇشىغا، ئۆزگەرتىشىگە يول كۆرسەتكەن، ئۆگەتكەن، بۇيرۇغان ئورۇن رەھبەرلىرىنى ۋەزىپىسىدىن بىردەك قالدۇرۇپ، قانۇن بويىچە قاتتىق چارە كۆرۈش كېرەك.

شەكىللىك بىناكارلىق بازىرىنى بەرپا قىلىش، ئاشكارا، ئادىل، ساغلام رىقابەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، قاتتىق باشقۇرۇش، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. بارلىق ھۆكۈمەت تارماقلىرى، دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلىرى، ئومۇمنىڭ مۇلۇك ھوقۇقى ييتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلار دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە مەخپىيەتلىكىگە چېتىلىدىغان قۇرۇلۇشلار ۋە باشقا پەۋقۇلئاددە قۇرۇلۇشلاردىن باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاشكارا خېرىدار. چاقىرىش-خېرىدار بولۇش چارىسىنى يولغا قويۇشى، ھۆددىگەرلىكنى ئۆتۈنۈشكە يول قويماسلىقى لازىم. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان ئورۇنلارنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش كېرەك. قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش، ھۆددىگە بېرىش ۋە قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ پارا بېرىدىغان، پارا يەيدىغان، خىيانەت قىلىدىغان، ساختىپەزلىك قىلىدىغان، يۈز-خاتىرە قىلىپ قانۇنسىزلىق قىلىدىغان قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

## 4. ئىسلاھات روھى بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش كېرەك

پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشنى يېڭى شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى، شۇنداقلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش خىزمەتلىرىگە قارىتا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرى ئىسلاھات روھى بويىچە ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى كېرەك.

**(1) ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىستىلنى ياخشىلاپ، خىزمەتتىكى ئالدىن كۆرەرلىكنى كۈچەيـ**

تىش كېرەك.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش كادىرلىرى پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ "پۈتۈن پارتىيە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك" دېگەن تەلىپىگە ئاساسەن، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، نەزەرىيىنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ئاساسىي روھىنى ئومۇمىي جەھەتتىن چۈشىنىپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى سىستېمىلىق ھالدا تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي دۇنياقاراشنى يېتىلدۈرۈپ، ئىدىيە جەھەتتە ۋە سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى لازىم. خىزمەت ئىستىلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، يېڭى ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك. نەزەرىيە ۋە سىياسەت تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتا چىرىكلىكنىڭ پەيدا بولۇشى، يامراپ كېتىشىنىڭ مەنبەسىنى شۇنداقلا چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، خىزمەتتىكى ئالدىن كۆرەرلىكنى كۈچەيتىشى لازىم. ئىقتىسادىي بىلىم، قانۇن بىلىمى ۋە باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش كەسپىنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، خىزمەت ئىقتىدارى ۋە ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، ئەنزە بېجىرىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

**(2) ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرى ۋە ئۇلاردىن ئەۋەتىلگەن ئاپپاراتلارنىڭ فونكسىيىلىك رولىنى كۈچەيتىپ، خىزمەتنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.**

ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشىغا ئاكتىپ ياردەم بېرىشى لازىم. تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى تارماقلارغا تايىنىپ، يېقىندىن ماسلىشىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىشى كېرەك. نازارەت قىلىشنى، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى كەسپىي خىزمەتلەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىم.

مەركەز ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرى رەھبىرىي ئورگان يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئومۇمىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، توغرا تەدبىر بەلگىلەپ، فاڭجېن، سىياسەت-جەھەتتىن يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى لازىم. ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئومۇمىي خىزمەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك.

مەركەز ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرى ئەۋەتكەن ئاپپاراتلارنىڭ فونكسىيىلىك رولىنى كۈچەيتىش لازىم. مەركەز ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ئورگانلار ئەۋەتكەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئاپپاراتلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئومۇمىيلىق كۆزقارىشىنى تىكلەپ، ھەم پارتىيە-ھۆكۈ-

مەت رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ شۇ ئورگان ۋە شۇ سىستېمىنىڭ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشىغا ھەمكارلىشىشى، ھەم شۇ ئورگان، شۇ سىستېما باشقۇرغان كەسپلەرگە بىرلەشتۇرۇپ، يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىش، چىرىكلىكنى مەنبەسىدىن تىزگىنلەش ۋە توسۇش توغرىسىدا سىياسەت، تۈزۈم، باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەدبىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم.

يولداش جياڭ زېمىننىڭ 1996-يىلى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 6-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان: "يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئىسلاھاتىدا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرىنى كۈچەيتىشكە بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ" دېگەن تەلىپىگە ئاساسەن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ فونكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرى ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، ئىچكى ئاپپاراتلارنى تەڭشەپ، خىزمەت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، كەسپىي خىزمەت تەقسىماتىنى ياخشىلاپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان خىزمەت يۈرۈشۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشى لازىم.

**(3) ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش كادىرلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، قوشۇنلارنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.**

ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە-ۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرىدىغان، پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، مۇستەھكەم، ئىتتىپاق بولغان رەھبەرلىك كوللېكتىپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. ياش، ئوتتۇرا ياشلىق مۇنەۋۋەر كادىرلارنى پائال تۈردە تاللاپ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە كىرگۈزۈش كېرەك. ئالدى بىلەن پۇل مۇئامىلىسى، مالىيە، قانۇن قاتارلىق كەسپىي بىلىملەر بىلەن پىششىق تونۇشىدىغان كادىرلارنى تاللاپ ۋە تەربىيىلەپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش لازىم. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش كادىرلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ۋە قوغداش لازىم. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش كادىرلىرى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، چىرىتىش بىلەن چىرىتىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي كۈرەشكە دۇچ كەلمەكتە. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش كادىرلىرىغا نىسبەتەن قاتتىق تەلەپ قويۇپ، قاتتىق باشقۇرۇپ، قاتتىق نازارەت قىلىپ، ئۇلارنى ئاگلىق ھالدا كەسپىي ئەخلاققا رىئايە قىلىدىغان، ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، ئىنتىزامنى ئادىل ئىجرا قىلىدىغان، خالىسلىق قىلىپ، يۈز-خاتىرە قىلمايدىغان، پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزامنىڭ جىددىيلىكىنى قەتئىي قوغدايدىغان قىلىش لازىم. ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، ئەنزە بېجىرىش قاتارلىق خىزمەتلەر داۋامىدا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نازارەت

قىلىش، چەكلەشنى كۈچەيتىپ، كادىرلارنىڭ ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇش، كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەنزە بېجىرىشتىكى چەتلەش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش كادىرلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنى ئاسرىشى، ئۇلارنى زۆرۈر بولغان خىزمەت شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتىشى، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشى لازىم؛ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش كادىرلىرىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى قانۇن-ئىنتىزام بويىچە ئادا قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش كادىرلىرىغا زەربە بەرگەن، ئۆچ ئالغانلارغا قارىتا قاتتىق چارە كۆرۈشى كېرەك.

يېڭى بىر يىلدا، بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى بېتەكچى قىلىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

**دولقۇن قادىر**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**

**ياسىن مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيە-تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەيلى

دىڭ گۇەنگېن

بۇ يىل 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بىرىنچى يىل، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم بىر يىل. ئىدىيە-تەشۋىقات خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ۋە مەركەز ئورۇنلاشتۇرغان بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتىنى توغرا تونۇش لازىم

14-قۇرۇلتايدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى سېپىدىكىلەر بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەركەز بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، مەركەزنى چۆرىدەپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، غەيرەتكە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، خەلقنى كۆڭلىدە ساقلاپ، بەرپا قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىپ، يېتەكچىلىكنى توغرا ئىگەللەپ، توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاكتىپ، ساغلام، جۇشقۇن بولغان خىزمەت ۋەزىيىتىنى ياراتتى. بىرىنچىدىن، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى ۋە كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى. ئىككىنچىدىن، تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىگە بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئىتتىپاق، جانلىق بولغان كەيپىيات بارلىققا كەلتۈرۈلدى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقى جارى قىلدۇرۇلدى. ئۈچىنچىدىن، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەش جەريانىدا تېز تەرەققىي قىلىپ، ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى مەزمۇنغا باي بولدى. بۇ — يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، جايلارنىڭ ۋە تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئاكتىپ قوللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدىكى بارلىق يولداشلارنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەتلەر ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىپ

كۆرەش قىلغانلىقىنىڭ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

خىزمەت نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىگە قويغان يېڭى تەلەپلىرىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. ھازىر ئىسلاھات ئاتاكا قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى، تەرەققىيات ھەل قىلغۇچ مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ بىزدىن 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئاكتىپ، ئومۇميۈزلۈك، توغرا، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، مەركەزنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى تەشۋىق قىلىپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئوبدان بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ بىزدىن توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، غەيرەتكە كەلتۈرۈش، كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ بىزدىن جاپالىق، ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۆپرەك ئىشلەپ، كىشىلەرنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەملىشىگە تېخىمۇ ئوبدان ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىدە ياخشىلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن تەرەپلەر، جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. بىز نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق، يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىز قولغا كەلتۈرگەن خىزمەت نەتىجىلىرىنى جەزمەن ئىنتايىن قەدىرلەپ، پۇختىلىق بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى داۋاملىق ئىلگىرىلىتىشىمىز كېرەك.

## 2. 1998-يىللىق تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك

**بۇ يىللىق تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى:** يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش، 15-قۇرۇلتاي روھىنى تەشۋىق قىلىش، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى تۇتۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇتۇش، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشتا چىڭ تۇرۇش، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش.

**بۇ يىللىق خىزمەتلەرگە قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپلەر:** 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئاكتىپ، ئومۇميۈزلۈك، توغرا، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن يېتىشتۈرۈش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى 15-قۇرۇلتاي روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىنى 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلىگەن تۇرلۇك ۋەزىپىلەرنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش.

ئەمەلىي خىزمەتلەردە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، «مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىش، يۇقىرى كۆتۈرۈش»نى چىڭ تۇتۇپ، 15-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىنى ئۆگىنىشنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى يېتەكلەش سەۋىيىسىنى ئۈنۈملۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئۈنۈملۈك كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئېسىل ئەسەرلەر قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

**بۇ يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:** نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى دولقۇن قوزغاش كېرەك، ئاخبارات-جامائەت پىكرى خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يېڭى تۇسكە كىرگۈزۈش كېرەك، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپرەك يارىتىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە يارىتىش كېرەك، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرى ساھەسىدىكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە يېڭى چارە-تەدبىرلەر بولۇشى كېرەك، قوشۇن قۇرۇلۇشىدا ۋە قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا يېڭى تەرەققىياتلار بولۇشى كېرەك.

**(1) نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى دولقۇن قوزغاش كېرەك.** پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدا «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى پارتىيىمىزنى دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ يېڭى، كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالىغا ئىگە قىلدى. پۈتۈن پارتىيە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغىشى كېرەك» دەپ تەكىتلەندى. بۇ پۈتۈن پارتىينىڭ پارتىيە ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، پارتىيىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان مۇستەھكەم يادرو قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى يېڭى ئەسىرنى نىشانلاپ ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. بىز تونۇشىمىزنى مۇشۇنداق سىياسىي يۇكسەكلىكتە ۋە دەۋر تەلپى يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاڭلىقلىقىمىزنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشتا ئەڭ ئاساسلىقى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىدىيىدە ۋە خىزمەتتە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچى ئورنىنى مۇستەھكەم تىكلەش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى—ماركسىزمنىڭ ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى داۋامى ۋە راۋاجى، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگو-دىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى. ھازىرقى جۇڭگودا پەقەت دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەنلا سوتسىيا-

لىزىمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، پەقەت دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەنلا مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ؛ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەنلىك بولىدۇ.

نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشتا، چوقۇم نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتى بىلەن، كادىرلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئەستايىدىل ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى، دېموكراتىك مۇھاكىمە قىلىش ئۇسلۇبىنى، پائال ئىزدىنىش ئۇسلۇبىنى، راستچىل-ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئۇسلۇبىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى، يېتەكچى ئەھمىيىتى، ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىگە بولغان تونۇشىنى يېڭى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى يېڭى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈش، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئاڭلىقلىقىنى يېڭى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈش كېرەك.

نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشتا، 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىشنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، پارتكوم مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ۋە پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشنى نۆۋەتلىك ھالدا ياخشى تۇتۇش، لېكتورلار ئۆمىكى، نەزەرىيە تەتقىقات بازىلىرى ۋە نەزەرىيە تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ يىل 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ياخشى تەشكىللەپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك.

**(2) ئاخبارات-جامائەت پىكرى خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك.** 15-قۇرۇلتاي-نىڭ روھىنى ئاكتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش بۇ يىللىق ئاخبارات-جامائەت پىكرى خىزمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، شۇنداقلا خىزمەتنىڭ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن-كۆتۈرۈلمىگەنلىكىنى ئۆلچەشتىكى ئەڭ مۇھىم بەلگە. پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، مۇقىملاشتۇرۇش ۋە غەيرەتكە كەلتۈرۈشتە، ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ئاڭ، ئومۇمىيلىق ئېڭى، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېتەكلەش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى پوختا ئىگىلەپ، 15-قۇرۇل-

تايدا بەلگىلەنگەن تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك.

ئاخبارات خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى، قايىل قىلىش كۈچىنى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى دەل ۋاقتىدا توغرا تەشۋىق قىلىپ، يۈز مىليونلىغان ئاممىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. ئاخبارات خىزمەتچىلىرى ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، دەۋرنىڭ تومۇرىنى ئىگەللىشى، ئاممىنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. قىسقا خەۋەر، نەق مەيدان خەۋەرلىرىنى كۆپرەك يېزىش، خەۋەر قىممىتىگە ئىگە بولغان، ئاما ئاڭلىسا ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى كۆپرەك خەۋەر قىلىش كېرەك. يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى ياخشىلاپ، قىسقا، جانلىق، ئەينەن، چوڭقۇر يېزىپ، ئۇچۇر مىقدارىنى ئاشۇرۇش، ئاخبارات تەشۋىقاتىنىڭ توغرىلىقى، روشەنلىكى ۋە تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

تىپ تەشۋىقاتى، قىزىق نۇقتىلىق مەسىلە يېتەكچىلىكى ۋە جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئىلغار تىپلارنى تەشۋىق قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، ئۈنۈمى ياخشى بولدى، بۇ ئىشنى داۋاملىق تىرىشىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش لازىم. تىپ تەشۋىقاتىدا خەۋەر سانى بىلەن خەۋەر سۈپىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تەشۋىق قىلىش بىلەن ھەرقايسى جايلاردا قاتلاملار بويىچە تەشۋىق قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، دائىملىق تەشۋىقات بىلەن نۇقتىلىق تەشۋىقاتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىش بىلەن ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. كۆپ شەكىللىك، كۆپ نۇقتىلىق بولۇشىغا دىققەت قىلىپ، ئاددىيلىقتىن، قېلىپۋازلىقتىن ساقلىنىش كېرەك. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنى ئىلغار تىپلار يېقىملىق، ھۆرمەتلىك، ئىشەنچلىك، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈش كېرەك. قىزىق نۇقتىلىق مەسىلە يېتەكچىلىكى ۋە جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىدە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى، خەلقنى نەزەرگە ئېلىش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەھمىيەت بېرىۋاتقان، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ياخشى تېمىلارنى تاللاش، ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش، قائىدە-يوسۇنلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان قىلىش، ئىشنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى بويىچە يېتەكلەش، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. مەركەزنىڭ فاڭجېنىغا خىلاپلىق قىلىش، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش، خىيانەت قىلىپ چىرىكلىشىش، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشتەك قىلمىشلارنى قەتئىي پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش، ساقلىنىۋاتقان ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ، ساغلام كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

**(3) مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزۈش كېرەك.** مەركەز مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ھالدا ئالتە جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. بىرىنچى، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى

ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش، ئۇنى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، مۇستەھكەملەش، يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇزارتىش، تەسىر قىلىش جەھەتلەردە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا چوڭقۇرلۇققا ۋە كەڭلىككە قاراپ ئۇزارتىپ، ئىلغار رايون، ئىلغار ئورۇنلارنىڭ تەسىر قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولۇش تەلىپى بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق ۋە سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق، ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاق تەربىيىسىنى، ئاساسىي قاتلام ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنى توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلەشكە يېتەكلەش لازىم. تۆتىنچى، كەڭ ئاممىنى ئىشتىراك قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا چوقۇم ھەممىدە ئاممىنى كۆزدە تۇتۇش، ھەممىدە ئاممىغا تايىنىش لازىم، ھەرقانداق نەتىجىنى ئامما ئېتىراپ قىلمىسا نەتىجە دېگىلى بولمايدۇ. خىزمەتنىڭ چىقىش نۇقتىسىنى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئامما قارشى ئالىدىغان ئىشلارغا قويۇپ، پۇقرالار ئۈچۈن سەممىيەت بىلەن ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىش لازىم. ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىشتىراك قىلىشى قانچە چوڭقۇر، قانچە كەڭ بولغانسېرى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئاندىن پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنالايدۇ، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالالايدۇ. بەشىنچى، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. پارتكوم بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىۋاستە تۇتىدىغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولىدىغان، بىرلىكتە تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان خىزمەت مېخانىزمىنى بارا-بارا شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئالتىنچى، بوشاشماي تۇتۇش قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ئىنتىلىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا بوشاشماي تۇتۇش قىلىش، ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شەكىلۋازلىقتىن قەتئىي ساقلىنىش مۇھىم ئىش. ئىشلارنى چىڭ تۇتۇش، بىر كۈنمۇ بوشاشتۇرماي تۇتۇش، كونكرېت ئىشلاردىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك. مەسىلىلەرنى بىر-بىردىن ھەل قىلىش، خىزمەتلەرنى قاتلام-قاتلام كېڭەيتىش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىش لازىم.

**(4) نادىر ئەسەرلەرنى كۆپرەك يارىتىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە يارىتىش لازىم.** ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىمۇ

تېز ئۆسمەكتە، ئېھتىياج قۇرۇلمىسىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى، ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەلەپ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شارائىتىدا، مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇلدى، شۇنداقلا ئۇ يېڭى مەسىلىلەرگىمۇ دۇچ كەلدى، سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەت پىكىر ئېقىمى ۋە بازار ئىگىلىكىدىكى "كۆرۈنمەس قول" ئىجادىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلەردىن تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە نەشرىياتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەريانىدا تۇرمۇشنى بىلىشى ئۈچۈن ھېس قىلىش، ئويدان بىلىش ۋە چوڭقۇرلىشىش جەريانى كېرەك، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، جۇغلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش جەريانى كېرەك. مۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋاللار ئالدىدا بىز چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئاكتىپ ئىزدىنىپ، توغرا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىشلىرىمىزنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز لازىم، ھەم نەتىجە چىقىرىشقا بەك ئالدىراپ كېتىپ، نېمە لازىم بولسا شۇنى دەرھال يېزىپ چىقىرىشقا ئىنتىلمەسلىكىمىز، ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، جىددىيلىك تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يېزىپ چىقىرىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا توغرا بولغان ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى تىكلەپ، نادىر ئەسەرلەر ئېڭىنى كۈچەيتىش لازىم. پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، "خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش"، "سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش" يۆنىلىشىدە ۋە "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، بارچە ئېقىملار بەس-بەس بىلەن سايراش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك ۋە ھوزۇرلىنىشنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. ئەدەبىي ئەسەرلەر دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئىپادىلەش شەكلى خىلمۇخىل بولۇشى، كىشىلەرگە ئىلھام ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم. يازغۇچى، سەنئەتچىلەرنى توغرا بولغان دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى تىكلەپ، تۇرمۇشقا، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قايناق ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، تالانتىنى بېغىشلاشقا يېتەكلەش لازىم. نادىر ئەسەرلەر ئېڭىنى ئىجادىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر بىر ھالقىلىرىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قايتا-قايتا تاۋلاپ، تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشىپ، ئەڭ ياخشى روھىي ئوزۇقنى خەلققە تەقدىم قىلىش لازىم.

ئەدەبىيات-سەنئەت قانۇنىيىتىگە، يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم. ئوخشاش بولمىغان شەكىل ۋە ئۇسلۇبلارنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىنى، ئوخشىمىغان قاراش ۋە ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئەركىن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، سەنئەت دېموكراتىيىسى ۋە ئىلىم دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. باراۋەر، دوستانە، داۋلى ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان مۇزاكىرىلەرنى، ئۆزئارا پىكىرلىشىش ئارقىلىق بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىدىغان ئىستىلنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپچىلىكنىڭ زېھنىنى نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىشقا قارىتىش لازىم.

كېلەر يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىلى، تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، پىلان

تۇرۇپ، ئىخلاس بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ،، كىتاب، كىنو، تېلېۋىزور، تىياتىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئەلنەغمە قاتارلىقلاردا بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، مۇشۇ مول مېۋىلەر بىلەن دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوغا تەقدىم قىلىشىمىز لازىم.

**(5) تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە يېڭى چارە-تەدبىرلەر بولۇشى كېرەك.** 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو-تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت قاتارلىق تارماقلاردا بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، قانۇن-نىزام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، نادىر ئەسەر ئىشلەش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، ئىقتىسادىي سىياسەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەدەنىيەت بازارلىرىنى يېتىشتۈرۈش، چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھازىر جىددىيلىك ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقات ساھەسىدىكى ئىسلاھاتنى ئىخچاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە فاڭجېن-پرىنسىپلىرى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئاكتىپ ئىزدىنىش، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت. ئىسلاھات پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىگە بويسۇنۇشى، تەشۋىقات-مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئىشلارنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم. ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئاكتىپ ئۆگىنىش، بازار مېخانىزمىنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىدېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەلپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىش كېرەك. ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىردەكلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىش، مەنپەئەتنى دەپ ۋىجدان سېتىشقا، ھەممىدە پۇلغا قاراشقا قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. دۇنيادىكى يارلىق پايدىلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئىلغار باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىش، چىرىك ئىدىيە-مەدەنىيەتنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم.

نۆۋەتتە، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرى بويىچە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەر: بايلىق تەقسىماتىنى سەرخىللاشتۇرۇش، ئىچكى باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى جانلاندۇرۇش، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. گېزىتچىلىك گۇرۇھى، نەشرىياتچىلىق گۇرۇھى، كىتاب-ژۇرنال تارقىتىش گۇرۇھى ۋە كىنو-تېلېۋىزىيە گۇرۇھىنى قۇرۇشنى نۇقتىلاردا

سناق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. گۇرۇھ قۇرۇشنى رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن، ئىچكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن، چېچىلاڭغۇلۇق، قالايمىقانچىلىقنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئۇنىۋېرسال كۈچنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۈچەيتىشنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. ئىختىيارىي بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، مەمۇرىي ۋاستە بىلەن بۇيرۇقچىلىق قىلماسلىق، بىرلەشتۈرۈلسىلا ھەممە ئىش پۈتۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ قارىماسلىق كېرەك.

تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ سىياسەت خاراكتېرى كۈچلۈك. ئىزدىنىشكە، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئاكتىپ، پۇختا، تەرتىپلىك ئىلگىرىلەش، ئالمان-تالمان ئىش قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئىسلاھات تەدبىرلىرى پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىگە ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

**(6) قوشۇن قۇرۇلۇشى ۋە قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولۇشى لازىم.** سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇش، كەسپكە پىششىق بولۇش، ئىستىل دۇرۇس بولۇش تەلپىگە ئاساسەن، يۇقىرى سۈپەتلىك تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم. تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ئەسىر ئاتلايدىغان تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان، ئىتتىپاق، مۇستەھكەم بولغان رەھبەرلىك كوللېكتىپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. كۈچلۈك كەسىپچانلىققا ۋە مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە بولغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەپ ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈپ، پارتىيىنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىدا ئىز باسارلارنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. تەشۋىقات خىزمىتىدىكى رەھبەرلىك ئورنىغا يېڭىدىن چىققان يولداشلارنى ۋە ياش، ئوتتۇرا ياشلىق مۇنەۋۋەر كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كادىرلارنى تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. نەزەرىيە، ئاخبارات، نەشرىيات، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ، ئىدىيە ئالماشتۇرۇپ، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئۇلارنىڭ خىزمىتىمىزگە بولغان پىكىر، تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا قىزغىن ياردەمدە بولۇش كېرەك.

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان تەشۋىقات-مەدەنىيەت ساھەسىدىكى قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى، ئاساسىي خىزمەتلەردە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي مىزانلار بارلىققا كەلدى. ھازىرقى بار بولغان قانۇن-تۈزۈملەرنى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى تەشۋىق قىلىش، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىزمەتتە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان قانۇن-تۈزۈملەرنى بېكىتىشنى چىڭ تۇتۇپ، قانۇن تۈرغۇزۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، تەشۋىقات-مەدەنىيەتكە دائىر قانۇن-تۈزۈم سىستېمىسىنى تەدرىجىي ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

## 3. ياخشى بىر روھىي ھالەت بولۇشى كېرەك

پارتىيىنىڭ تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن چوقۇم ياخشى بىر روھىي ھالەت بولۇشى كېرەك. بىرىنچىدىن، چوقۇم ئاڭلىق ھالدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز

كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بولغان مۇستەھكەم ئىشەنچنى تىكلەش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىك-نى ساقلاشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، قەتئىي ئېغىشماي، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىش، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنى كۈچەيتىپ، ئىجادچانلىق بىلەن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، نام-پايدىغا بېرىلمەي، خالىسانىلىق بىلەن تۆھپە قوشۇش، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، جان-دىل بىلەن خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، نام-پايدىغا قىزىقىپ كەتمەسلىك، كۆپ ئۆگىنىپ ئاز مېھماندارچىلىق قىلىش، كۆپ تۆھپە قوشۇپ پايدا-زىيان بىلەن ئاز ھېسابلاش، كۆپ ئىشلەپ ئاز سۆزلەش، خاتالىقنى بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇپ، باشتىن-ئاخىر پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

بىز 15-قۇرۇلتاي روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پارتىيە ۋە خەلق بىزگە تاپشۇرغان خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيلى.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى**
**ئۇيغۇر-قازاق-قىرغىز تىل-مەدەنىيەت**
**فاكۇلتېتى 95-يىللىق تەرجىمە سىنىپى**
**ئوقۇغۇچىلىرى**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ئەڭ ياخشى خاتىرلەش— دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈش

لى جۈنرۇ

قەدىرلىك يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىزدىن ئايرىلغىنىغا بىر يىل بولدى. ئۇلۇغ زاتنىڭ سالاپىتىنى سېغىنىش، ئۇلۇغ زاتنىڭ تۆھپىلىرىنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، ئەڭ ياخشى خاتىرلەش— يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش.

## ئەڭ قىممەتلىك مىراس

يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن، جۇڭگودا سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دېگەنىدى: ”ئەگەر يولداش دېڭ شياۋپىڭ بولمىغان بولسا، جۇڭگو خەلقى بۈگۈنكىدەك يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشەلمەيتتى، جۇڭگودا بۈگۈنكىدەك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلىدىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلمايتتى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش پارلاق ئىستىقبال تاپالمايتتى.“ بۇ باها جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنى ياد ئېتىمىز، چۈنكى ئۇ بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى جۇڭگو خەلقىگە بېغىشلىدى، پارتىيىگە، خەلققە، مىللەتكە غايەت زور تۆھپە قوشتى.

ئۇنىڭ نۇرغۇن تۆھپىلىرى ئىچىدە، ئەڭ زور تۆھپىسى ئۇنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنى ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەريانىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى بۇ نەزەرىيىگە دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىسمى بىلەن نام بېرىپ، مۇشۇ نەزەرىيە بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتەك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 15-قۇرۇلتاي يەنە بۇ نەزەرىيىنى ”دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى“ دەپ ئاتىدى، ھەم ئۇنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى سۈپىتىدە پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزدى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى— ئەسىرىمىزدىكى بۇ ئۇلۇغ زات

بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەڭ قىممەتلىك مىراس.

ئۇنى ئەڭ قىممەتلىك مىراس دېيىشىمىز، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى، بىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان قىبلىنامە بولغانلىقى ئۈچۈن. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەنىدى: ”بىزنىڭ ماركسىزمنى توغرا دېيىشىمىز ھەرگىزمۇ ماركس دېگەن بۇ كىشىنىڭ قانداقتۇر ”دانىشمەن“ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىقى بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزدە، كۈرىشىمىزدە ئىسپاتلانغانلىقىدىندۇر.“ بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى توغرا دېيىشىمىزمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆزىگە چوقۇنغانلىقىمىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىيلىكى بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزدە، بولۇپمۇ تارىخىي سېلىشتۇرما ئارقىلىق ئىسپاتلانغانلىقى ئۈچۈندۇر. جۇڭگو سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ”سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك“ دېگەن تۈپ مەسىلىگە دۇچ كەلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ مەسىلىنى سەزگەن، ئۇنى ئوتتۇرىغا قويغان، ھەم جاپالىق ۋە ئەگرى-توقايلىق ئىچىدە ئىزدەنگەن، بىراق ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يېتەكچى ئىدىيىدە سەۋەنلىك كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ تارىخىي تېمىنى ئورۇندىيالمىغان. يولداش دېڭ شياۋپىڭ تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، داۋاملىق يېڭى ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىزم تۇرۇۋاتقان تەرەققىيات باسقۇچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئاساسىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ توغرا يولىنى تېپىپ چىقتى. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ يولنى تېپىپ چىقىش ئۇنچىۋالا ئوڭۇشلۇق بولماستىن، ئىككى قېتىملىق مۇھىم تارىخىي پەيتنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈردى؛ بىر قېتىملىقى ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ قايسى تەرەپكە مېڭىشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم تارىخىي پەيت؛ يەنە بىر قېتىملىقى 80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ بېشىدا بىز خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي بوراننىڭ قاتتىق سىنىقىغا ئۇچرىغان مۇھىم تارىخىي پەيت. ئىككى مۇھىم پەيتنىڭ سىنىقى ”سول“چىللىقنىڭمۇ، ئوڭچىللىقنىڭمۇ سوتسىيالىزمنى نابۇت قىلىدىغانلىقىنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىلا جۇڭگو سوتسىيالىزمنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ، ماركسىزمنى جۇڭگودا پۇت تىرەپ تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى تەرەققىي قىلىپ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئۇنى ئەڭ قىممەتلىك مىراس دېيىشىمىز ھەم ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ يېقىنقى يۈز نەچچە يىللىق تارىخىي تەجرىبىسىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغانلىقى ئۈچۈن. 1840-يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو جەمئىيىتى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئالدىغا مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى، خەلقنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە دۆلەتنى گۈللەندۈرۈپ قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى ئورتاق بېيىتىشتەك ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپە، يەنى ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش، تەرەققىي تاپقۇزۇش ۋەزىپىلىرى قويۇلدى. ۋېي يۈەن، گۇڭ زىچېن، لىن زېشۈيلەر ”چەت ئەللىككىنى ئۆگىنىپ، چەت ئەلگە تاقابىل تۇرۇش“ دېگەننى

ئوتتۇرىغا قويغاندىن تارتىپ خۇڭ شيۇچۈەن تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغانغا قەدەر، كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋلار ”قانۇننى ئۆزگەرتىپ يېڭىلىققا كۆچۈش“نى قوزغىغاندىن تارتىپ سۇن جۇڭشەن شىنخەي ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغانغا قەدەر، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىرادىلىك كىشىلەر ئالدىنقىسى يىقىلسا كېيىنكىسى ئىزىنى باسقان بولسىمۇ، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى. بىراق دەۋر ھامان ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، تارىخ ھامان تەرەققىي قىلىدۇ، جۇڭگودا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۈچ قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى، سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاب جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن خانلىق ئىستىبدات تۈزۈمگە خاتىمە بەردى، يولداش ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى بەرپا قىلدى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى غەلىبىلىك ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى تېپىپ چىقتى. بۇ ئۈچ قېتىملىق زور ئۆزگىرىشنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخىي شارائىتى، تارىخىي ۋەزىپىسى ۋە تارىخىي تۆھپىسى بار، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئۈچ قېتىملىق زور ئۆزگىرىش يەنە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە ئۆرلەپ، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى مۇشۇنداق ئۇزۇن تارىخىي جەريانغا قويۇپ تەكشۈرگەندە، شۇنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ نەزەرىيە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى، خەلقنىڭ ئازادلىقىنى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە خەلقنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشتەك تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، بۇنىڭ بىلەن سۇن جۇڭشەن 1894-يىلى تۇۋلىغان ”جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش“ شوئارى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتەك بىپايان ئەمەلىيەت جەريانىدا پارلاق رېئاللىققا ئايلانماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزملىق ئىلمىي نەزەرىيە، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق مەدىنىيەت خەزىنىسى، ئۇنىڭغا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يېقىنقى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيانقى غايىسى، ھېسسىياتى ۋە ئىرادىسى سىڭگەن.

دۇنيادىكى سوتسىيالىزم ھەرىكىتى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان پەيتتە، جۇڭگونىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سوتسىيالىزمنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغانلىقى، مۇستەھكەملىگەنلىكى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىپتىخارى. ئاز كەم 100 يىل ئىلگىرى، جۇڭگو سەككىز دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى پايتەخت بېيجىڭنى ئىشغال قىلىۋېلىشتەك قاتتىق ھاقارەت ئىچىدە 20-ئەسىرگە قەدەم قويدى، بۈگۈنكى كۈندە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈمىدكە تولغان 21-ئەسىرگە كۆكرەك كېرىپ قەدەم تاشلاۋاتقانلىقى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئامىتى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ قىممەتلىك بايلىقنى چەكسىز قەدىرلەپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز، بۇ ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق بۇ ”جۇڭگو

خەلقىنىڭ ئوغلى‟نى خاتىرلىشىمىز لازىم.

## ئەڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك

دۇنيادىكى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ تارىخى بىزگە قايتا–قايتا ئۇقتۇردىكى، بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈش-نىڭ ئاچقۇچى ئادەمدە، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە يادروسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە. بۈگۈن، بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەسەللى بېرەلەيمىزكى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ئاستىدا، بىز چوقۇم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو ماركسىزمى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بەرپا قىلغان ئىشلارنى يېڭى ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتالايمىز.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز قانداق بايراقنى كۆتۈرۈش، قانداق يولدا مېڭىشتەك ئېغىر سىناققا دۇچ كەلدى، بۇ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى يەنە بىر مۇھىم تارىخىي پەيتتۇر. خەلقئارا جامائەتچىلىك جۇڭگوغا نەزەر سېلىپ تۇراتتى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بېيجىڭغا نەزەر سېلىپ تۇراتتى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تارىخىي مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۈچ مۇھىم ھۆججەتنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىنى، پۈتۈن ئارمىيىنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ”چوقۇم قىلىش كېرەك“ دەپ تەلەپ قىلىنغان ئون ئىشتا چىڭ تۇرۇشقا چاقىردى. ئۆتكەن يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنى، يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە مۇھىم سۆز قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، پارتىيە قۇرۇلۇشى جەھەتلەردىكى بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ، ھەر خىل مۇجمەل قاراشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، 15-قۇرۇلتاينىڭ ياخشى ئېچىلىشى ئۈچۈن ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى جەھەتلەردىن تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويدى. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا، يولداش جياڭ زېمىن روشەن قىلىپ، قۇرۇلتاينىڭ تېمىسى— دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ تەكىتلەپ: ”بايراق مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم. بايراق يۆنىلىش دېمەكتۇر، بايراق ئوبراز دېمەكتۇر. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشتىن تەۋرەنمىگەنلىكىنىڭ ئۆزى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتىن تەۋرەنمىگەنلىك بولىدۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن پارتىيە بۇ مەسىلىدە ئالاھىدە يۈكسەك ئاڭلىقلىقتا ۋە قەتئىيلىكتە ئىنگە بولۇشى لازىم“ دەپ كۆرسەتتى. پارتىيە قۇرۇلتىيى يولداش جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي كومىتېتقا ۋەكالىتەن بەرگەن

دوكلاتنى قاراپ چىققاندىن كېيىن، بۇ دوكلاتنى بىردەكلا ”پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېڭى ئەسىرگە قاراپ قەدەم تاشلاشقا يېتەكلەيدىغان سىياسىي خىتابنامىسى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسى“ دەپ قارىدى. مۇشۇ مۇھىم تارىخىي پەيتنىڭ سىنىقى ئالدىدا، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيىمىز چوقۇم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرالايدۇ. بوران-چاپقۇن چىقسا چىقسۇنكى، قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ دەسسەپ تۇرىمىز.

بىر يىلدىن بۇيان، بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈردۇق. 14-قۇرۇلتايدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلىسى، تاشقى سودا، تاشقى پېرېۋوت، پىلان، مەبلەغ، باھا، ئوبوروت، تۇرالغۇ جاي ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت جەھەتلەردىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىدى، بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ئاساسلىق رولى روشەن ھالدا كۈچەيدى، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى، خەلق ئىگىلىكىدە ”ئېشىش نىسبىتى يۇقىرى، پۇل پاخاللىشىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش“تەك ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى بولغان دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى كىشىلەر تېخىمۇ دىققەت قىلىدىغان نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى، كارخانا تۈزۈمى، ئىلمىي باشقۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق بىر قاتار مۇرەككەپ مەسىلىلەر بىلەن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىزنىڭ ھازىر ئىسلاھاتنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە تۇرۇۋاتىمىز دېگىنىمىز، ئاساسلىقى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا ئاتاكا قىلىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىمىزنى كۆرسىتىدۇ. ئاتاكا قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىيىنچىلىقىنى تولۇق تونۇش لازىم. ئۇ، كىشىلەردىن ئىدىيىدە يەنە بىر قېتىم ئازاد بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش تەشەببۇسى ئىسلاھاتنى خاتا يولغا باشلايدۇ. ھە دېسىلا دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشكە ”خۇسۇسىيلاشتۇرۇش“ يولىغا ماڭدى دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ توسقۇنلۇق قىلىش ئىسلاھاتنى ئۆلۈك يولغا باشلايدۇ. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قىلچە ئىككىلەنمەستىن بۇ ئىككى جەھەتتىن كەلگەن توسقۇنلۇقنى چىقىرىپ تاشلاپ، پۈتۈن پارتىيىنى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ”ئۈچ پايدىلىق بولۇش“نى ئۆلچەم قىلىپ، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىمكان بېرىدىغان رېئاللىشىش شەكلىنى ئىزدەپ تېپىشقا چاقىرىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ھەر تەرەپتىن ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،

ئىسلاھات جەريانىدا، پاي تۈزۈمگە ئۆزگەرتىشتە كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان ۋە كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا يېتەكچىلىك قىلدى. شۇڭلاشقا بىزدە بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتىكى ئاتاكا قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تولۇق ئىشەنچ ۋە ئىقتىدار بار.

بىر يىلدىن بۇيان، بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شياڭگاڭنى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇۋېلىشنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇردۇق. ”تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئىجادىي تەسەۋۋۇرى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى ھەم ئۇزاققىچە ئاۋاتچىلىق ۋە مۇقىملىقنى ساقلىشى بۇ تەسەۋۋۇرنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىرىنچى مۇھىم ئەمەلىيەت. ئۆتكەن يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى، ئېلىمىز خەلقى خۇشاللىق، ئىپتىخارلىق كەيپىياتىغا چۆمۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 100 يىللىق ئار-نومۇسىنىڭ ئاقلانغانلىقىنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئوڭۇشلۇق ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى، ھەمدە ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“، ”شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش“، يۈكسەك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش فاڭجېنلىرى بويىچە شياڭگاڭنىڭ ئاۋاتچىلىقىنى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بۇ — ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى ئورۇنداش يولىدا باسقان مۇھىم بىر قەدەم.

بىر يىلدىن بۇيان، بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، دىپلوماتىك ھەرىكەتنى پائال قانات يايدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى ۋە خەلقئارادىكى ئابرويىنى يەنىمۇ ئۆستۈردۇق، دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەر ۋە كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇقى ۋە ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتۇق. يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئۆز ئارا زىيارەت قىلىشى ئارقىلىق، دۆلىتىمىز بىلەن ئامېرىكا، روسىيە، فرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەر يەنە 21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن ھالدا ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ نىشانى ۋە يېتەكچى فاڭجېنىنى بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلىتىمىز پائال تۈردە ئىقتىساد-سودا ۋە تېخنىكا جەھەتلەردە رايون خاراكتېرلىك، قىتئە خاراكتېرلىك ھەمكارلىشىشقا ۋە ئالماشتۇرۇشقا قاتناشتى. بۇ دىپلوماتىك ھەرىكەتلەر تىنچلىق بىلەن تەرەققىياتتىن ئىبارەت دەۋر تېمىسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ مېڭىش يۈزلىنىشىگە ماسلىشىدۇ، دېمەك بىز خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دوستلۇق-ھەمكارلىقىنى ۋە رايوننىڭ تىنچلىق-مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە دۇنيانىڭ دىققىتىنى خەلپ قىلغۇدەك ئىجابىي تۆھپىلەرنى قوشتۇق.

مۇشۇ زور ۋەقەلەر ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەردىن ئېلىمىز خەلقى 1997-يىلنىڭ ھەقىقەتەنمۇ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم شۇنداقلا ئىنتايىن قالتىس بىر يىل ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي

ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ ئىشلاردىن شۇنىمۇ تونۇپ يەتتىكى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىمىز دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە ھەقىقەتەنمۇ ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقنىڭ باياشات-بەختلىك بولۇشىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

## ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم، ئەڭ ئاساسلىقى قەتئىي تەۋرەنمەستىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش لازىم. بۇ—15-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە.

14-قۇرۇلتايدىن بۇيان، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيىلەش جەھەتتە، خىزمەتنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، روشەن ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. دەل مۇشۇنداق ئاساس بولغاچقا، بىز 15-قۇرۇلتايدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسىنى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى سۈپىتىدە ئېنىق قىلىپ پارتىيە نىزامنامىسىگە يازالىدۇق. ئەمما، پۈتۈن پارتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشى ئەمدىلا باشلاندى، نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقتا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر. بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىسلاھاتنى ئاتاكا قىلىش ۋە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش جەريانىدا، ھەر خىل زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشقا، ھەر خىل مۇجمەللىكلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 15-قۇرۇلتاينىڭ تەلىپى بويىچە، نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش تېخىمۇ زۆرۈر.

نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشتىن تۈپ مەقسەت پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەستىن ئېگىز كۆتۈرۈش، ئىدىيە جەھەتتە ۋە خىزمەت جەريانىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچى ئورنىنى مۇستەھكەم تىكلەش. بۇ يەردە ئېيتىلغان ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىزنىڭ ماركسىزمغا بولغان تونۇشىمىزنى ھازىرقى زامان جۇڭگو ماركسىزمىنىڭ يېڭى سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان تونۇشىمىزنى 15-قۇرۇلتاينىڭ يەتكەن يېڭى سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش دېگەندىن ئىبارەت. بۇ بىزدىن ھەم ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تۈپ تومۇرىدىن بىر-بىرىگە باغلانغان بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېما ئىكەنلىكىنى تونۇش، ھەم دېڭ شياۋپىڭ

نەزەرىيىسىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، يېڭى ئىدىيە، نۇقتىئىنەزەر بىلەن ماركسىزمغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە ماركسىزمنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى تونۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز 15-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىنى ئۆگىنىشنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. بۇ يەردە ئېيتىلغان ئىدىيە جەھەتتە ۋە خىزمەت جەريانىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچى ئورنىنى مۇستەھكەم تىكلەش دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق خىزمەت جەريانىدا يولۇققان ھەر خىل زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھەل قىلىش دېگەنلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشتا، ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى تۇرغۇزۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە يېتەكچى ئەھمىيىتىگە، ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچىمىزنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئاڭلىقلىقىمىزنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە تىرىشىش لازىم.

بۇ مەقسەتكە ۋە تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن، بىر قاتار مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بىرىنچى، ئۆگىنىش بىلەن خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتى. خىزمەت قانچە ئالدىراش، قانچە مۇشەققەتلىك بولغانسېرى، شۇنچە كۆپ ئۆگىنىپ ۋە كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم، بۇ يەردىكى ئاچقۇچ نەزەرىيە ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇشتا. ئىككىنچى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشى بىلەن كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ مۇناسىۋىتى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق كادىرلار ۋە ئاممىنى تەربىيىلەشتە، رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق قىلىشى لازىم، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا نەزەرىيە ئۆگىنىشنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش لازىم. 15-قۇرۇلتاي ”ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ نەچچە يۈز ئەزاسى، ئۆلكە-مىنىستىرلىك دەرىجىلىك نەچچە مىڭ كادىرلار ئالاھىدە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇلار ھەممىدىن ئاۋۋال دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى لازىم“ دەپ تەكىتلىگەن بولۇپ، بۇ ئەھمىيىتى چوڭقۇر ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشتۇر. ئۈچىنچى، نەزەرىيىنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ئاساسىي روھىنى ئومۇمىي جەھەتتىن چۈشىنىش بىلەن بۇ نەزەرىيىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى بايانلىرىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزم قاتارلىق ساھەلەرگە سىڭدۈرۈلگەن، ئىقتىساد، سىياسەت، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، مىللىي ئىشلار، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە، بىرلىك سەپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقەدەر مۇكەممەل ئىلمىي سىستېما، بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرا

ئىگەللەشتە، ھەم ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگەللەش، ھەم ھەرقايسى ساھەلەردىكى نەزەرىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىنى، مەسىلەن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسى، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ، سىستېمىلىق ھالدا تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىش لازىم. تۆتىنچى، نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش بىلەن نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ مۇناسىۋىتى. ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەشۋىقاتنى كۈچلۈك قىلىش ئۈچۈن، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىش، جۈملىدىن كۆپ خىل تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. بىراق، تېخىمۇ مۇھىمى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىپ، ئامما ئىچىدىكى مۈجمەل قاراشلارغا چۈشەنچە بېرىش، رەھبەرلەرنىڭ سىياسەت بەلگىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم. شۇڭلاشقا، بىز 15-قۇرۇلتاينىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، پۈتۈن پارتىيىدە ئەستايىدىل ئۆگىنىش كەيپىياتىنى، دېموكراتىك ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش كەيپىياتىنى، ئاكتىپ ئىزدىنىش كەيپىياتىنى، راستچىللىق-ئەمەلىيەتچىللىك كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كەڭ ۋە چوڭقۇر نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ئاڭلىقلىقىمىزنى ۋە قەتئىيلىكىمىزنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

**(ئاپتور: ج ك پ مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى نەزەرىيە ئىدارىسىدىن)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: خۇدابەردى خېلىل**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# رەھبەرىي كادىرلار ئاممىۋى خىزمەتنى چوقۇم ياخشى ئىشلىشى كېرەك

**چېن ۋۇمىڭ**

15-قۇرۇلتايدا بېرىلگەن دوكلاتتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: پارتىيىنىڭ كادىرلىرى، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلىرى خىزمەتتە ئاممىۋى لۇشيەننى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى شەرتكى، ھەرگىز بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىق ۋە بۇيرۇقچىلىق قىلماسلىقى لازىم. پارتىيىمىز ھەممىدە ئاممىنى كۆزدە تۇتىدىغان، ھەممىدە ئاممىغا ئىشىنىدىغان، ھەممىدە ئاممىغا تايىنىدىغان بولسا، يۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ مەنبەسىگە ئىگە بولالايدۇ. ئاممىۋى خىزمەتنى ئىشلەشكە ئېتىبار بېرىش ۋە ماھىر بولۇش ئەزەلدىنلا پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە سىياسىي ئۈستۈنلۈكىدۇر. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار چوقۇم بۇ ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىككى چوڭ بۇرۇلۇش داۋامىدا ئامما ئارىسىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ، ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ يېڭى ئۇسۇل، يېڭى يوللىرىنى پائال ئىزدەپ تېپىپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ياخشى يېتەكلىشى، ياخشى قوغدىشى، ياخشى جارى قىلدۇرۇشى، بۇ ئارقىلىق كەڭ ئاممىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇشى كېرەك. پارتىيىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەنە شۇنىڭدا.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نۆۋەتتە خېلى كۆپ ساندىكى رەھبەرىي كادىرلار ئاممىۋى خىزمەتنى ئىشلەشكە قىزىقمايدۇ. مەسىلەن، بەزى رەھبەرىي كادىرلار كۈنبويى مەجلىسخانىدا ياكى ماتېرىيال دۆۋىلىرى ئارىسىدا ئولتۇرىدۇ، ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشكىلى ئۇنىمايدۇ، چۈشكەن تەقدىردىمۇ كادىرلار ۋە پۇلدارلار ئارىسىدىلا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئىشچى-دېھقانلار ئاساسىي ئاممىسىغا يېقىن كەلمەيدۇ؛ يەنە مەسىلەن، بەزى رەھبەرىي كادىرلار ئاممىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىجادچانلىقىغا ئىشەنمەي، ئاممىنىڭ ئۇستازى بولۇشقىلا رازىكى، ئاممىنىڭ شاگىرتى بولۇشنى خالىمايدۇ، ھەتتا ئاممىنى نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىۋېرىدىغان ئەخمەقلەر دەپ قارايدۇ؛ يەنە مىسال ئالساق، بەزى رەھبەرىي كادىرلار ھېسسىيات جەھەتتە ئاممىدىن يىراقلىشىپ، ئاممىا ئارىسىدىكى پىكىر ۋە زىددىيەتلەرنى قايىل قىلىش، تەربىيە بېرىش ئۇسۇللىرى بىلەن مۇۋاپىق ھەل قىلماي، بەلكى ئاددىي-قوپال ئۇسۇل بىلەن بېسىپ قويىدۇ، ۋەھاكازالار. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ

مەۋجۇت بولۇشى پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئېغىر زىيان سالدى، بۇ بىزنىڭ يۇكسەك ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئاممىۋى خىزمەتنى چوقۇم ياخشى ئىشلىشى كېرەكلىكى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىدىن ئىبارەت.

بىرىنچى، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ ئېھتىياجى. خەلق ئاممىسى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاساسىي كۈچ ھېسابلىنىدۇ، پەقەت كەڭ ئامما مۇقىملىققا كۆڭۈل بۆلگەن، مۇقىملىقنى قەدىرلىگەن، ھەممە مۇقىملىق ئۈچۈن پائال تىرىشقان چاغدىلا، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، مۇقىملىق مەسىلىسىدە، بىز دىققەت-ئېتىبارىمىزنى ۋە مەۋقەيىمىزنى كەڭ ئاممىغا قويۇشىمىز لازىم. 15-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا: سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مۇقىم سىياسىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئىسلاھات كۈچى، تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ كۆتۈرۈش دەرىجىسىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك، دەپ قارالدى. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىنتايىن مۇھىم بىر خىزمەت— ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئامما ئارىسىدىكى مەسىلە ۋە زىددىيەتلەرنى ئاكتىپ بىر تەرەپ قىلىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشتىن ئىبارەت. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، كەڭ ئامما پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىگە، ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشىغا قارىتا بىرقەدەر رازى بولدى، لېكىن بەزى كونكرېت مەسىلىلەردە بىرمۇنچە پىكىرلىرىمۇ بار. مەسىلەن، پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يامراپ كېتىشىگە قارىتا، بولۇپمۇ پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە بىۋاستە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ كۆڭلىدە قاتتىق نارازىلىق پەيدا بولدى. مەسىلەن، كۆنسېرى يامانلىشىپ بېرىۋاتقان جەمئىيەت ئامانلىقى ۋەزىيىتىگە قارىتا، كىشىلەردە يا ئۇنداق، يا مۇنداق گەپ-سۆزلەر پەيدا بولدى؛ يەنە مەسىلەن، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە كەسىپلەرنى تەڭشەش تۈپەيلىدىن ئەمەلىي تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن بىر قىسىم ئاممىنىڭ، بولۇپمۇ ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە ئىشسىز ئىشچىلارنىڭ پىكرى تېخىمۇ چوڭ بولدى. مۇشۇ مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلەرگە، بولۇپمۇ ئامما ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەر ۋە قىيىن مەسىلىلەرگە قارىتا، بىز چوقۇم يۇكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشىمىز، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، قانۇنىي ۋاستە، ئىقتىسادىي ۋاستە، مەمۇرىي ۋاستە ۋە سىياسەت ۋاستىسى قاتارلىق تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ۋاقتىدا تەڭشىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز لازىم، بەزى مەسىلە ۋە زىددىيەتلەرنى دەرھال ھەل قىلغىلى بولمايدىغان بولسا، ھەل قىلالماسلىقنىڭ سەۋەبىنى ئاممىغا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، ئاممىنىڭ چۈشىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بىز خەلقنىڭ

ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىپ، كەڭ ئاممىنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جاپا-مۇشەققەتتە ھەمدەم بولۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاشقا يېتەكلىيەلەيمىز.

ئىككىنچى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئېھتىياجى. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، كەڭ ئاممىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىجادكارلىق كۈچى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ھېسابلىنىدۇ. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، بىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىزدە كەڭ ئاممىنىڭ ئىجادچانلىق روھى ۋە كۈرەش قىلىش روھى ھەممىدىن مۇھىم سەۋەب بولدى. نۆۋەتتە، بىز يېڭى ئەسىرگە قەدەم تاشلاۋاتقان تارىخىي پەيتتە تۇرۇۋاتىمىز، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش-سىلجىتالماسلىقنىڭ ھالقىسى يولۇقۇۋاتقان ۋە يولۇقۇش ئالدىدا تۇرغان مۇرەككەپ مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش-ھەل قىلالماسلىقتا. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: ”بىز ئاممىغا ئىشىنىدىغان، ئاممىۋى لۇشيەندە ماڭىدىغان، ئەھۋالنى ۋە مەسىلىلەرنى ئاممىغا ئېنىق ئۇقتۇرىدىغانلا بولساق، ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز، ھەرقانداق توسقۇنلۇقنى تۈگىتەلەيمىز.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 327—328-بەتلەر) خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادكارلىق كۈچى پۈتمەس تۈگىمەستۇر، بۇرۇن ھەل قىلىش ناھايىتى قىيىن دەپ قارالغان مەسىلە ۋە زىددىيەتلەرنى ئاممىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىجادچانلىق روھىغا تايىنىپ ھەل قىلغانىدۇق. ھازىرمۇ ئوخشاش، پەقەت بىز خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، خەلقنىڭ ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى چۈشىنىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىدىغانلا بولساق، يېڭەلمەيدىغان قىيىنچىلىق، ھەل قىلالمايدىغان مەسىلە بولمايدۇ. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا مەسئۇلىيەتچان بولۇش روھى بىلەن ئاممىۋى خىزمەتنى ئىشلەشنى ئۆگىنىۋېلىشى، يېزىلارغا بېرىپ، زاۋۇتلارغا بېرىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى سەپىگە بېرىپ، ھەر بىر قاتلام ۋە ھەر بىر ساھەدىكى ئاممىۋى خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكىلىك بىلەن ياخشى ئىشلەپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغىشى، كەڭ ئاممىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشى لازىم، مۇشۇنداق قىلغاندا، بىز بارلىق مۇرەككەپ مەسىلە ياكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارە، ياخشى يوللىرىنى چوقۇم تېپىپ چىقالايمىز.

ئۈچىنچى، كادىرلارنىڭ ساغلام يېتىلىشىنىڭ ئېھتىياجى. بىر تەرەپتىن، ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بارلىق خىزمىتى ئاممىنىڭ ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشىنى ئاساس قىلىدۇ،

ئۇ ئاممىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىلىپ بېرىلىشى كېرەك. رەھبەرلىك كادىر بولغان كىشى پەقەت ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى، ئۆزىنىڭ ئاساسلىق زېھنىنى ئاممىغا قويغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى نامايان قىلىدىغان كەڭ سەھنە تاپقىلى، تەجرىبىلەرنى توپلاپ، چېنىقىشلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلگىلى بولىدۇ. ھازىر، بەزى رەھبىرىي كادىرلار بۇ داۋلىنى چۈشەنمەيدۇ، ئاساسلىق زېھنىنى ئارقا تىرەك ئىزدەش، يۆلەنچۈك تېپىش، مۇناسىۋەت تورى توقۇشقا، پۇلدارلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا قويىدۇ، ئاممىغا پەقەت ھۆرمەت قىلمايدۇ، پەقەت ئىشەنمەيدۇ. بۇ ئىنتايىن خەۋپلىك ئىش. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەقىقىي ئۇستۇنلۈكى ئاممىنىڭ ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشى ئاساسىدا تىكلەنگەن بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، جەزمەن موللاق ئېتىپ چۈشىدۇ. بۇرۇنمۇ شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاممىۋى خىزمەتنى ئىشلەشنى ئۆگىنىۋېلىش رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ياخشى ئىستىل تۇرغۇزۇشىغا پايدىلىق. بيۇروكراتلىق— رەھبىرىي كادىرلانىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ چوڭ دۈشمىنى، شۇنداقلا رەھبىرىي كادىرلار ئەڭ ئاسان سادىر قىلىدىغان خاتالىقتۇر. ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بيۇروكراتلىق ئىستىلىنى يېڭىپ، ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىشىنىڭ مۇھىم يولى ھېسابلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەندە، رەھبىرىي كادىرلارنى ئامما بىلەن دائىم ئالاقە قىلىپ، ئاممىغا بولغان ھېسسىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ئامما بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، ئاساسلىق زېھنىنى خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە قارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەندە، رەھبىرىي كادىرلارنى ئامما بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ، ئاممىنىڭ نازارىتى ۋە تەربىيىسىنى ئاڭلىق ھالدا قوبۇل قىلىپ، ھوقۇقنى ياخشى تۇتۇپ ۋە ياخشى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق چەكلەپ، تۈرلۈك پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يۇز بېرىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا توسۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەندە، رەھبىرىي كادىرلارنى ئاممىدىن تېخىمۇ كۆپ بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ تەدبىر كۆرۈش سەۋىيىسى ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىك خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. رېئال تۇرمۇشتىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبىلەرمۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى خالاش-خالىماسلىق كادىرلارنىڭ ئىستىلىنى ئۆلچەيدىغان بىر مۇھىم ئۆلچەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئاممىۋى خىزمەتنى ئىشلەشنى خالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ماھىر بولغان رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تولىسى ئىستىلدا پۇختا، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان بولغان، ئامما ئىنتايىن قارشى ئالىدىغان خەلق چاكارلىرىدۇر؛ ئەكسىچە، ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى خالىمايدىغان كادىرلارنىڭ تولىسى ئاخىردا ئاممىدىن ئايرىلىپ،

بيۇروكراتلار ياكى چىرىك ئۇنسۇرلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىشمۇ ئەمەس. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار چوقۇم ئېھتىياتچان، ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلى ۋە يول ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن، ئەنئەنىۋى تەجرىبىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، يېڭى دەۋردە ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىشى لازىم. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم.

بىرىنچى، ئاممىنى چۈشىنىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. ئاممىنى چۈشىنىش دېگەنلىك ئاممىنىڭ سىياسىي ئىدىيىسىنى، ئىقتىسادىي سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇش، خىزمەت ئەھۋالىنى چۈشىنىش، ئاممىنىڭ پىكرى، ساداسى ۋە تەلىپىنى چۈشىنىش، بولۇپمۇ ئاما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلە، قىيىن مەسىلىلەرنى چۈشىنىش، ئاممىنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىگەللەش دېگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلالايدىغان رەھبەرىي كادىرلار خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ-دە، ئاممىۋى خىزمەتنى ئىشلىگەندە نىشانلىق ئوق ئېتىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. ئاممىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار چوقۇم ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىپ، ئاما بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇشى لازىم. تەكشۈرمىگەننىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ھەرقانداق بىر رەھبەرىي كادىر رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەمەن دەيدىكەن، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىشى شەرت. شۇڭا، بىز تۈزۈم جەھەتتە قاتتىق بەلگىلىمە چىقىرىپ، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرىپ يېزىلارغا بېرىپ، زاۋۇتلارغا بېرىپ، ماگىزىنلارغا بېرىپ، ئاممىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگەللىشىگە، ئاممىنىڭ تەجرىبىلىرىنى تەتقىق قىلىشىغا، ئاممىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشىمىز، كادىرلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، رەھبەرىي كادىرلار ئارىسىدا ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكىدىغان، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكىدىغان ياخشى كەيپىياتنى تىرىشىپ ھاسىل قىلىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، ئاممىنى تەربىيىلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. ئاممىنى تەربىيىلەش دېگەنلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شارائىتىدا، تۈرلۈك تەربىيىلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى تەشكىللەندۈرۈپ، تەربىيىلەپ، يېتەكلەپ، ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، ئۇلارنى مۇستەھكەم كوللېكتىپچىلىق ۋە سوتسىيالىزم ئېڭىغا، كۈچلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە پىداكارلىق روھىغا ئىگە قىلىش، ئومۇمىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنىدىغان قىلىش؛ ئۇلارنى پەقەت پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭغاندىلا، ئاندىن

ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى مۇستەھكەملىگىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ئاممىنى تەربىيىلەش ئاممىنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. خەلق ئاممىسى ئەمەلىيەتنى ھەممىدىن مۇھىم دەپ بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ پارتىيىگە ۋە ھۆكۈمەتكە باھا بېرىشتە، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى چۈشىنىشتە، كۆپ چاغلاردا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتى ئۈستىدىكى تەسىراتىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئېشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، خەلق ئاممىسى ئېرىشتۈرۈلگەن ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشتى، تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، بۇ بىزنىڭ ئاممىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئاممىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئېھتىياجىغا قانچىكى كۆڭۈل بۆلگەنسېرى، ئاممىۋى خىزمەتنى قانچىكى ياخشى ئىشلىگەنسېرى، ئۇلارنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقى شۇنچە ئۆسىدۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى شۇنچە ھىمايە قىلىدۇ ۋە قوللايدۇ. ئاممىنى تەربىيىلەشتە، رەھبىرىي كادىرلار ئالدى بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئالىيجاناب ئوبراز تىكلىشى لازىم. كادىرلار ئۆزىنى ئۆزى سورىيالمىسا، ئوبرازى ياخشى بولمىسا، ئاممىنى ياخشى تەربىيىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ھەممە جەھەتلەردە ئاممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئاممىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلىنىشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار ئالىيجاناب ئوبراز تىكلەشتە، نۆۋەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىككى مەسىلە بار. بىرى، رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنىڭ خىزمەت جەھەتتىكى كەمچىلىكى ۋە يېتەرسىزلىكىنى يوشۇرماستىن، ئاممىنىڭ ئالدىدا تەكشۈرۈشكە جۈرئەت قىلىشى لازىم. ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلغاندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئابرويى تۆۋەنلەپ كەتمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئاممىنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. يەنە بىرى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي قانات يايدۇرۇش كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىغا قارىتىلغان بىر قاتتىق سىناق، ئەگەر بۇنىڭدا ۋاقتىدا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىسەك، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىدىن قېلىشىمىز، بۇنىڭدىن ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى، ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىش دېگەنلىك جاپالىق، ئىنچىكە ئاممىۋى خىزمەت ئارقىلىق، كەڭ ئاممىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇش، كەڭ ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە چەكسىز ئەقىل-پاراسىتىنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە جەلپ قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىشتا، رەھبىرىي كادىرلار مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئىشنى ئالاھىدە ياخشى تۇتۇشى زۆرۈر. بىرىنچىسى، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ماس كېلىدىغان فاڭجېن-سىياسەتلەرنى تۈزۈشكە ماھىر بولۇش، بۇ كەڭ ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىشنىڭ تۈپ يولى. ئىككىنچىسى، زۆرۈر بولغان قانۇن-ئىنتىزام ۋە تەرتىپلەرنى تۈزۈپ،

كەڭ ئاممىنى قانۇن-ئىنتىزام ۋە قائىدە-نىزاملارغا ئائىلىق رىئايە قىلىدىغان، مۇقىم ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئائىلىق قوغدايدىغان قىلىش. 15-قۇرۇلتايدا قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ ۋەزىپىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى دەل ۋاقتىدا بولدى، بۇ ئىنتايىن دانا تەدبىردۇر. زۆرۈر بولغان قانۇن-ئىنتىزام ۋە تەرتىپ بولمىسا، پۈتۈن جەمئىيەت قۇمدەك چېچىلاڭغۇ هالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ، بىر-بىرىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، مەنپەئەتتە ئۆزئارا توقۇنۇشىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، نەتىجىدە، هېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماسلىقىمىز تۇرغان گەپ. زۆرۈر بولغان قانۇن-ئىنتىزام ۋە تەرتىپ بولغاندا، پۈتۈن پارتىيىدە، پۈتۈن خەلق ئىچىدە، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىتتىپاق بولغان ۋە بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئىتتىپاق بولغان ۋە بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيەت بولغاندا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى هەرقان-داق قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇنى يېڭەلەيمىز. كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ۋەزىپە ئېغىر، مەنزىل يىراق. پەقەت بىز پارتىيىنىڭ ئاممىۋى خىزمىتىنى پۈتۈن نىيىتىمىز بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش خاتالىقىنى سادىر قىلمىساقلا، 15-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۆرلۈك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىلەرنى چوقۇم ئورۇندىيالايمىز، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىمۇ چوقۇم غەلىبىدىن تېخىمۇ چوڭ غەلىبىگە قاراپ قەدەم تاشلايدۇ.

**(ئاپتور: جېجياڭ ئۆلكىلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىدىن)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ISSN 1006-5857

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5—V 刊号:ISSN1006—5857/CN11—2498/D
邮发代号:2—373 定价:2.40元 邮政编码 100013